ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى



مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

ساقىيە ئىسلامىي ئىلىملەر مەركىزى
Sakiye İslami İlimler Merkezi

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

*Gençler İçin*

# *DOĞU TÜRKİSTAN TARİHİ*

Yazar: | تۈزگۈچى:
**Muhammed emin bişaret** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

Son okuma: | كۆزدىن كەچۈرگۈچى:
**Abdulbasit Hebiboğlu** | **ئابدۇلباسىت ھېبىبۇللاھ**

Yayıncı: | نەشر قىلغۇچى ئورۇن:
**Sakiye İslami İlimler Merkezi** | **ساقىيە ئىسلامىي ئىلىملەر مەركىزى**

Kapak ve Sayfa Tasarımı: | مۇقاۋا ـ بەت لايىھەسى:
**E. ERKBEG** | **ئى. ئەركبەگ**

**ISBN: 978-605-72284-9-9**

2025 ـ يىلى 2 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ساقىيە ئىسلامىي ئىلىملەر مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ساقىيە ئىسلامىي ئىلىملەر مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
شەرقىي تۈركىستان........................................ 3
شەرقىي تۈركىستان دەريالىرى........................................ 9
شەرقىي تۈركىستان چۆللىرى ........................................ 10
شەرقىي تۈركىستان تاغلىرى........................................ 11
شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم شەھەرلەر........................................ 12
شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى...15
ئۇيغۇرلار ........................................ 19
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى قەبىلە - ئۇرۇقلىرى........................................ 20
تارىخي خاتىرىلەر........................................ 20
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسىملىرى........................................ 21


## ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان


ھۇن تۈرك دۆلىتى ........................................ 25
غەربىي ھۇن دۆلىتى ........................................ 27
ئاق ھۇن دۆلىتى........................................ 28
كۆكتۈرك دۆلىتى ........................................ 33

تۈركەش دۆلتى ........................ 39
قارلۇق دۆلتى ....................... 43
ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى ...................... 47
قانقىل دۆلتى ....................... 57
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى) .......... 71
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى .............. 71
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆچىيىشى .............. 72
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى .............. 72
تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلتى................. 75
گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلتى......................... 89

## ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان

ئىسلام ۋە شەرقىي تۈركىستان......................103
تۈركلەرنىڭ ئىسلام تارقىتىشتىكى تىرىشچانلىقلىرى ....111
قاراخانىيلار خانىدانلىقى (خاقانىيلار دۆلتى) .........119
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى .................121
قاراخانىيلار خانلىقىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش ...........122
قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر......122
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم... 125

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى ............127

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم ............127

قاراخانلار دۆلىتىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە زاۋاللىقى...........128

قارا قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار...........................133

موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار...................135

چاغاتاي خانلىقى ...............................139

چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ۋە بۆلۈنۈشى .. 140

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى........140

ھۆكۈم سۈرۈش مۇددىتى .........................141

سەئىدىيە خانلىقى.............................142

خوجىلار دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستان.............147

مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم ......................153

ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ...........................161

ئەمىر خوجا سالىھ ئىنقىلابى ......................163

جاھانگىرخاننىڭ شەرقىي تۈركىستان تەختىگە ئولتۇرۇشى ... 164

يۈسۈپخان تۆرەم جىھادى ........................165

ۋەلىخان تۆرەم جىھادى...........................168

مۇسۇلمانلارنىڭ چىن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى .......173

كۇچار خانلىقى ۋە غازى راشىدىنخان خوجا جىھادى ........ 173

ئىلى سۇلتانلىقى...............................177

خوتەن خانلىقى ................................ 179

قەشقەر خانلىقى ................................ 183

بۈزرۈكخان تۆرەمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشى ........................................ 184

ياقۇپخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ..................... 189

# كىرىش سۆز

تۈركىستان تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆشۈكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شانۇشەۋكىتى مۇشۇ مۇنبەت زېمىندا يىلتىز تارتقان. بۇ يەردە ئۇلار دۆلەت قۇرغان، گۈللەپ - ياشنىغان ۋە مەدەنىيەت ياراتقان.

تۈركىستان ساناقسىز دەريا - ئېقىنلار، تاتلىق سۇ مەنبەلىرى ۋە بىپايان گۈزەل زېمىنغا ئىگە ماكان بولۇپ، بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ساقلانغان.


تۈركلەر تارىختىن بۇيان ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شانلىق تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى تارىختا پارلاق يۇلتۇز بولۇپ، جەڭگىۋارلىق بىلەن يىراق جايلارغىچە يۈرۈش قىلغان.

ئەنە شۇنداق بىر ئۇلۇغ تارىخىي زېمىن بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ ۋارىسلىرى بولمىش ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ باش تارتالمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە دەل شۇنداق مەقسەتتە،

ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلدى. كېڭەيتىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بولسا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈستىگە قالدۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تېمىنىڭ ئاخىرىغا كۆنۈكمە سوئاللىرى بېرىلدى. ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابچىنى ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

# شەرقىي تۈركىستان



دۇنيانىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستاندىن ئىبارەت تۈركىستان زېمىنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخىي دەۋرلىرىدە مۇستەقىل دەۋران سۈرۈپ كەلگەن بىپايان تۇپراق ئىدى. لېكىن مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىر قىسىم زېمىنلىرى چىنىنىڭ، يەنە بىر قىسمى رۇسىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن چاغدىلا بىرلىكى بۇزۇلۇپ، مۇستەقىللىقى پالەچ هالغا چۈشۈپ قالدى. چىن ئىستىلاسىغا چۈشۈپ قالغان قىسمى «شەرقىي تۈركىستان» نامى بىلەن

تونۇلغان بولۇپ، ئومۇمي كۆلىمى 1.820.000 (بىر مىليون 820 مىڭ) كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

رۇس ئىستېلا قىلىۋالغان قىسمى بولسا «غەربىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە قاراقالپاغىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق ئومۇمي كۆلىمى 4.106.000 (4 مىليون 106 مىڭ) كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتلەر 1990 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۈگۈنگە قەدەر سىياسەت، ئىقتىساد، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يەنىلا رۇسىيەنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ بولغىنى يوق.

شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستاندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك نەسلى، بەلكى تۈركلەرنىڭ ئەسلىي ئەجدادلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىللىرى ئارىسىدا مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، يەنىلا تۈركىي تىللار سىستېمىسىغا تەۋەدۇر. ئۇلار قان بىرلىكى، تىل بىرلىكى، ئېتىقاد بىرلىكى، مەزھەپ بىرلىكى، ئەخلاق بىرلىكى، ئۆرپ - ئادەت بىرلىكى، ئىرق بىرلىكى، تارىخ بىرلىكى، مەنپەئەت ۋە غايە - نىشان بىرلىكى قاتارلىق ئورتاقلىقلارغا ئىگە.

شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت بولۇپ، ئۇ جايلاردا ئەڭ قەدىم تارىختىن بېرى تۈركىي خەلقلەر ياشاپ كەلگەن، ئۇلارمۇ تۈركىي تىللاردا

سۆزلىشىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، فىقھىدا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ.



شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مۇنبەتلىكى، تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى، دەريا ۋە كۆللىرىنىڭ كۆپلۈكى، يېشىللىق ۋە گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ئېگىز تاغلىرى، قىشۇياز ئېرىمەيدىغان قار چوققىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان؛ گۈزەل يۇرت - ماكانلىرى، قەدىمىي قەلئەلىرى، ئەقىلنى لال قىلىدىغان شەھەرلىرى، ھەشەمەتلىك سارايلىرى بىلەنمۇ دۇنياغا نام سالغان. تۈركىستان يەنە مول مەدەن بايلىقلىرى، گۈللەنگەن مەكتەپ - مەدرىسەلىرى، ئاۋات مەسچىتلىرى، گۈزەل باغۇبوستانلىرى، داڭلىق ئاسارئەتىقىلىرى، بىپايان تۈزلەڭلىكلىرى، سەھرا قۇملۇقلىرى، كەڭ كەتكەن باراڭلىقلىرى، كۆركەم گۈل - چېچەكلىرى، بال تەملىك

مېۋە ـ چېۋىلىرى قاتارلىقلار بىلەنمۇ تىللاردا داستاندۇر.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تۆۋەندە دېيىلگەن سۆزلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. بىر مەزگىل مۇستەقىل دەۋران سۈرگەن ( )

B. بىر مەزگىل چىن ۋە رۇسىيە تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان ( )

C. بىرلىكى بۇزۇلۇپ، مۇستەقىللىقى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان زامانلار بار ( )

D. ئۆز ئالدىغا ھېچقاچان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ باقمىغان ( )

2. سوئال: شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقلىرى قايسى جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە ئەمەس؟

A. قان بىرلىكى ۋە تىل بىرلىكى ( )

B. ئېتىقاد بىرلىكى ۋە مەزھەپ بىرلىكى ( )

C. سۇ بىرلىكى ۋە ھاۋا بىرلىكى ( )

D. ئىرق بىرلىكى، تارىخ بىرلىكى ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس؟

A. تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت ( )
B. تۈركىي خەلقلەر ئەڭ قەدىم تارىختىن بېرى شۇ جايدا ياشىغان ( )
C. تۈركىي مىللەتلەر تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدۇ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ( )
D. خىتايلار (خەنزۇلار) غا ئائىت بولۇپ، ئۇلار قەدىمدىن بېرى ياشاپ كەلگەن ( )

4. سوئال: شەرقىي تۈركىستان نېمە ئۈچۈن دۇنياغا تونۇلغان؟

A. تېرىلغۇ يەرلىرى مۇنبەت ئەمەس ۋە تەبىئەت مەنزىرىسى كۆركەمسىز ( )
B. دەريا - كۆللىرى قۇرۇق، يېشىللىق ۋە گۈللەرگە پۈركەنگەن تاغلىرى يوق ( )
C. قىشۇياز ئېرىمەيدىغان قار چوققىلىرى يوق ( )
D. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بار ( )

5.سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس؟

A. مول مەدەن بايلىقلىرى، مەكتەپ - مەدرىسەلىرى، ئاۋات مەسچىتلىرى ( )

B. گۈزەل باغۇبوستانلىرى، داڭلىق ئاسارىئەتىقىلىرى، بىپايان تۈزلەڭلىكلىرى ( )

C. سەھرا ـ قۇملۇقلىرى، كەڭ كەتكەن باراڭلىقلىرى، تەملىك مېۋە ـ چېۋىلىرى ( )

D. داڭلىق زاۋۇتلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى ( )

# شەرقىي تۈركىستان دەريالىرى



شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، تۈمەن دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى قاتارلىق سۈيى تاتلىق نۇرغۇن دەريالار ئاقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋە تارىم دەريالىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەريالار ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەريالار ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇ قاناللىرى كۈمۈشتەك ئاپئاق مەنزىرىسى بىلەن سوزۇلۇپ ئاققان ھالدا، ھەرقايسى شەھەر ۋە يېزىلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. دەريالارنىڭ قىرغاقلىرىدا ياپيېشىل باغۇبوستانلار، پايانسىز يايلاقلار بار.

## شەرقىي تۈركىستان چۆللىرى



شەرقىي تۈركىستاندا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق چەكسىز كەتكەن، بىپايان تەكلىماكان چۆلى بار. بۇ چۆل نۇرغۇن قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلەر ۋە بىباھا يەر ئاستى بايلىقلىرىغا تولغان.

## شەرقىي تۈركىستان تاغلىرى



شەرقىي تۈركىستاندىكى تاغلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭ ئىچىدە تىيانشان تاغ (تەڭرى تېغى) تىزمىلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تىيانشان تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىتىكى پۈتۈن رايونلارنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ، مەزكۇر تاغ چوققىلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلاردىن تۆت دەريا (ئامۇ، سىر، ئىلى ۋە تارىم دەريالىرى) ھاسىل بولىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ۋە ئەڭ ئېگىزى «خانتەڭرى چوققىسى» بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7315 مېتىرغا يېتىدۇ. تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكلەر ياپيېشىل باغۇبوستانلىق، ئوتتۇرا قىسمى مەرۋايىتتەك ئاپئاق قار، ئۈستى تەرەپلىرى قاپقارا قورام تاشلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم شەھەرلەر





شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم شەھەرلەر تۆۋەندىكىچە: قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كورلا، ئاقسۇ، كۇچار، قۇمۇل، تۇرپان، غۇلجا، ئۈرۈمچى، بۈگۈر، ئالتاي، قاراماي، ئالاتاۋ ئېغىزى، ئارال، ئاتۇش، بەيتۈن، بۆرتالا، سانجى، فۇكاڭ، كۆكدالا، قۇرۇمقاش، كۈيتۈن، قورغاس، شىخەنزە، قوشئۆگۈز، باشئەگىم، تۇمشۇق، چۆچەك، ۋۇسۇ، ۋۇجياچۈ قاتارلىقلار ...

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالاردىن قايسى ئىككى دەريا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە؟

A. زەرەپشان ۋە ئىلى دەريالىرى ( )

B. ئىلى ۋە تارىم دەريالىرى ( )

C. تۈمەن ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى ( )

D. قاراقاش ۋە تۈمەن دەريالىرى ( )

2. سوئال: شەرقىي تۈركىستاندىكى تەكلىماكان چۆلى دۇنيادا قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؟

A. بىرىنچى ئورۇندا ( )

B. ئىككىنچى ئورۇندا ( )

C. ئۈچىنچى ئورۇندا ( )

D. تۆتىنچى ئورۇندا ( )

3. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تىيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئەمەس؟

A. دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرى ( )

B. ئەتراپىدىكى پۈتۈن رايونلارنىڭ ئومۇرتقىسى، تۆت دەريا بۇ تاغدىن باشلىنىدۇ ( )

C. ئەڭ كۆپ سۇ مەنبەسىگە ئىگە ( )

D. نېفىت ۋە ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ ( )

4. سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

A. قەشقەر، غۇلجا، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، خوتەن ( )

B. بېيجىڭ، قۇمۇل، شاڭخەي، شېنياڭ، فۇكاڭ ( )

C. توكيو، گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى، تيەنجىن، بۇخارا ( )

D. سېئۇل، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئاشخاباد، دۇشەنبە ( )

# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى



شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەر ئەنئەنىلىرىگە سادىق، ئىمانى كۈچلۈك، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئورتاق، شەھەرلىك - يېزىلىق دەپ ئايرىمايدىغان، بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان خەلقلەردۇر. ئۇلارنىڭ قەلبى گۈزەل بولۇپ، سېخىيلىق، چىدامچانلىق، غۇرۇرلۇق، ئالىيجانابلىق قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇلار يەنە مېھماندوست بولۇپ، مېھماننى كۆرسە، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ؛ جىھادقا چاقىرىلسا، ھەرقاچان ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغداشقا تەييار تۇرىدۇ؛ قورقۇنچاقلىق ۋە تەرەددۇتنى بىلمەيدۇ؛ جەڭگىۋارلىق ۋە قارشىلىق روھىغا ئىگە؛ ئىرادىلىك

ۋە كەسكىنلىك بولۇش ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەممەيلەننىڭ ئورتاق نىشانى ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ھۆرلۈك سەۋداسى بىلەن تونۇلغان. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق ھەققىدىكى شېئىر ـ قوشاقلىرىغا ۋە ناخشا ـ غەزەللىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھۆرلۈككە نەقەدەر ئىنتىلىدىغانلىقىنى، مۇستەقىللىققا نەقەدەر ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

A. ئەنئەنىلىرىگە سادىق، ئىمانى كۈچلۈك ( )

B. شەھەرلىك ـ يېزىلىق دەپ ئايرىيدۇ، بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلمايدۇ ( )

C. قەلبى گۈزەل ئەمەس، بېخىل، سەۋرسىز ( )

D. سېخىيلىق، چىدامچانلىق، غورۇرلۇق، ئالىيجانابلىق قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ( )

2. سوئال: شەرقىي تۈركىستان خەلقى جىھادقا ۋە جەڭگە قانداق پوزىتسىيەدە تۇرىدۇ؟

A. جىھادقا چاقىرىلسا، ھەر ۋاقىت قېچىشنى ئويلايدۇ ( )

B. جەڭگىۋارلىق ۋە قارشىلىق روھى يوق، قورقۇنچاقلىق ۋە تەرەددۇتچان كېلىدۇ ( )

C. ئىرادىسىز ۋە ئاجىز كېلىدۇ ( )

D. ئىرادىلىك، كەسكىن ۋە جىھاد قىلىشقا ئامراق ( )

3. سوئال: شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەتەن ۋە ھۆرلۈككە بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟

A. ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ھۆرلۈك ئارزۇسى يوق ( )

B. شېئىر ـ ناخشىلىرىدا ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ۋە مۇستەقىللىققا ئاشىقلىق تېمىلىرى يوق ( )

C. ۋەتەن ۋە دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلىمايدۇ ( )

D. قەدىمدىن تارتىپ ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ھۆرلۈك سەۋداسى بىلەن تونۇلغان ( )

# ئۇيغۇرلار



ئۇيغۇر ـ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ كېلىۋاتقان قەدىمىي بىر تۈرك مىللىتىگە بېرىلگەن نامدۇر. خىتايچە ۋە چەتئەل تىللىرىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ نامنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش»، «ئۇيغۇنلىشىش»، «ماسلىشىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر دېگەن سۆز «باشقىلارغا بېقىنماستىن، ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈرك تارىخچىلىرى بولسا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «مەدەنىيەت» مەنىسىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇرلارنى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە تۇنجى شەھەرلەشكەنلەر دەپ قارايدۇ.

## ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا دائىر مەلۇماتلار كۆپىنچە خىتايچە تارىخي ھۆججەتلەردە ساقلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھەرخىل دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: شىيا، شاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە: دىلار، شىمالىي دىلار ۋە غۇزلار؛ چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە: دىڭلىڭ، ۋېي ۋە جىن؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە: تىلى، چىلى ۋە قاڭقىل (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان.

## تارىخي خاتىرىلەر

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق رەسمىي تارىخنامىلەردە دېيىلىشىچە، شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇرلار 15 ئاساسىي قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: ئۇيغۇر، سىر ـ تاردۇش، تۇبا، قورقان، دولانغۇت، بارغۇت، بايىرقۇ، توڭرا، قۇن (ھۇن)، ئىزگىل (سىيىر)، قۇشۇ، قۇمۇق (چىگىل، ئايغىر)، ئاتېز، ئاقشىد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسىملىرى

### 1. توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى

توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى: ياغلاقار (ئاپۇرغۇر)، قورتارغۇر (قاتارغار)، دىرمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ (قولاس)، ئوۋيۇرغار، سابار (ساروغار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىزاھات: كېيىنچە ئاتېز قەبىلىسى قوشۇلۇپ «ئون ئۇيغۇر» شەكىللەنگەن.

### 2. توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى

1. ئۇيغۇر، بارغۇت، قۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، باسمىل (ئابوس)، قارلۇق، [9 ـ قەبىلە نامى كۆرسىتىلمىگەن].

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە دېيىلمىگەن؟

A. ئۇيۇشۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش، ماسلىشىش ( )

B. مەدەنىيەت ( )

C. باشقىلارغا بېقىنماستىن، ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يەيدىغانلار ( )
D. ئالاقىلىشىش ۋە كۆرۈشۈش ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە كىرمەيدۇ؟

A. قۇمۇق ( )
B. قاسار ( )
C. ئوۋيۇرغار ( )
D. ئابدال ( )

3. سوئال: تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قانچە ئاساسىي قەبىلىدىن تەشكىل تاپقانلىقى خاتىرىلەنگەن؟


A. 32 ( )
B. 12 ( )
C. 15 ( )
D. 20 ( )

4. سوئال: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كۆپىنچە قايسى تىلدىن ئېلىنغان؟

A. فارسچە ( )
B. تۈركچە ( )
C. ئەرەبچە ( )
D. خىتايچە ( )

# ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان

## ھۇن تۈرك دۆلىتى



ھۇن تۈرك دۆلىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2255 ـ يىلدىن 318 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە مەدەنىيەتتە ئىلغار تۈرك ئىمپېراتورلۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

خاقان مەتەخان دەۋرىدە (مىلادىيە 1 ـ ئەسىر) ياپون دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزى، ۋولگا دەرياسى ۋە ئورال تاغلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى 26 تۈرك دۆلىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بۈيۈك تۈرك ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلغان.

مىلادىيە 48 ـ يىلى ھۇن تۈرك دۆلىتى شىمالىي ھۇنلار

ۋە جەنۇبىي ھۇنلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. جەنۇبىي ھۇنلار چىن ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىلادىيە 92 ـ يىلى شىمالىي ھۇنلارنى يىقىتقان. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كېتىپ، كاسپىي دېڭىزى ۋە ئۇرال دەريا بويلىرىدا «غەربىي ھۇن دۆلىتى»نى قۇرغان. ئۇلار چىنلىقلارنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىمۇ بىر قانچە قېتىم بۆسۈپ ئۆتۈپ، چىنغا ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

# غەربىي ھۇن دۆلىتى



غەربىي ھۇن دۆلىتى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە قۇرۇلۇپ، تۈركىستاندىن تۇنا دەرياسىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان ئىمپىراتورلۇققا ئايلانغان. ئۇلار 375 ـ يىلى بالامىر خاقاننىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇبىي رۇسىيە زېمىنلىرىنى ئىگىلەپ، شەرقىي ياۋروپادا ھۆكۈمران بولغان.

ھۇن تۈركلىرىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيە بولۇپ، ئۇلار ئالدىدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى. بۇ ئەھۋال پۈتۈن ياۋروپانى ئالاقزادىلىككە سالغان. ھەتتا ۋىزانتىيە ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن باشقىلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتكەن.

ھۇن تۈركلىرى ئىزچىل ئىلگىرىلەپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە كۆز تىككەن. گەرچە ۋىزانتىيەلىكلەر تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇقرالىرىنى تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزغان.

# ئاق ھۇن دۆلىتى



ئاق ھۇن دۆلىتى (ھەياتىلە دۆلىتى) تۈركىستاننىڭ شەرقىدە قۇرۇلۇپ، ئاسىيا، ھىندىستان ۋە پارس تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ دۆلەت قىسقا ۋاقىتتا زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ساسانىيلار دۆلىتىنى يېڭىپ، كىسرا فەيرۇزنى مەغلۇپ قىلغان.

ئاق ھۇنلار ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، كەشمىر، گاڭگې دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلغان. ئۇلار ماۋەرائۇننەھر، سوغدىيانا، ئافغانىستان، گاڭگې بويىدىكى شەھەرلەر ۋە كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان. ھىندىستاندىكى كوپتا دۆلىتىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

تۈركىستاندا كۆكتۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندا، ئاق ھۇن دۆلىتىنىڭ ھىندىستاندىن باشقا تۇپراقلىرى كۆكتۈركلەر ۋە ساسانىيلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنغان. كۆكتۈرك دۆلىتى مىلادىيە 566 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تۈركىستاننىڭ يېڭى چوڭ دۆلىتى بولۇپ قالغان.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ھۇن تۈرك دۆلىتى قاچان قۇرۇلغان ۋە قانچىلىك داۋام قىلغان؟

A. ھۇن تۈرك دۆلىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2255 - يىلىدىن 318 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە رەسمىي قۇرۇلغان ( )
B. مىلادىيە 1 - ئەسىردە قۇرۇلۇپ، 4 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ( )
C. مىلادىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 2 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ( )
D. مىلادىيە 2 - ئەسىردە قۇرۇلۇپ، 5 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ( )

2. سوئال: خاقان مەتەخان دەۋرىدە قانداق ئىمپىراتورلۇق قۇرۇلغان؟

A. 26 تۈرك دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ بۈيۈك تۈرك ئىمپىراتورلۇقى قۇرۇلغان ( )
B. 15 تۈرك دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كىچىك تۈرك ئىتتىپاقى قۇرۇلغان ( )
C. 12 تۈرك دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرا تۈرك ئىمپىراتورلۇقى

قۇرۇلغان ( )
D. 18 تۈرك دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكى ئاسىيا تۈرك ئىمپىراتورلۇقى قۇرۇلغان ( )

3. سوئال: هۇن تۈرك دۆلىتى قاچان ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋە قايسى قىسمى مەغلۇپ بولغان؟

A. مىلادىيە 48 ـ يىلى بۆلۈنگەن، شىمالىي هۇنلار مەغلۇپ بولغان ( )
B. مىلادىيە 92 ـ يىلى بۆلۈنگەن، جەنۇبىي هۇنلار مەغلۇپ بولغان ( )
C. مىلادىيە 68 ـ يىلى بۆلۈنگەن، شەرقىي هۇنلار مەغلۇپ بولغان ( )
D. مىلادىيە 115 ـ يىلى بۆلۈنگەن، غەربىي هۇنلار مەغلۇپ بولغان ( )

4. سوئال: غەربىي هۇن دۆلىتى قايسى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە قەيەرگە يۈرۈش قىلغان؟


A. تۈركىستاندىن تۇنا دەرياسىغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي رۇسىيە زېمىنلىرىنىمۇ ئىشغال قىلغان ( )
B. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلەپ، مىسىرغا يۈرۈش قىلغان ( )
C. شەرقىي ئاسىيادىن ئافغانىستانغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلەپ، ئىراننى ئىشغال قىلغان ( )
D. جەنۇبىي ئاسىيادىن هىندىستانغىچە رايونلارنى ۋە كەشمىرنى بېسىۋالغان ( )

5. سوئال: ئاق هۇن دۆلىتى قايسى رايونلارنى ئىشغال قىلغان؟

A. ماۋەرائۇننەھر، سوغدىيانا، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە گاڭگىي بويىدىكى زېمىنلارنى ( )
B. پارس، ئۆزبېكىستان، ھىندىستان ۋە تۈركمەنىستاننى ( )
C. ئىران، ئەرەبىستان، سۈرىيە ۋە قۇددۇسنى ( )
D. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، ئەرمەنىيە ۋە تۈركىيەنىڭ بىر قىسمىنى ( )

32

# كۆكتۈرك دۆلىتى




بۈيۈك ھۇن دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىن، كۆكتۈرك دۆلىتى دەسلەپتە ئالتاي رايونىدا قۇرۇلدى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە قەدەر شۇ يەردە ياشاپ، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتتا يۈكسەك پەللىگە يەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدىغان «ئىلىكخان بومىن» تۈركىستاندىكى بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى ھەمدە بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقنىڭ چېگرالىرىنى كورىيە يېرىم ئارىلىدىن كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر كېڭەيتىپ، ئىمپېراتورلۇقنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىستان يەنە بىر قېتىم دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلىكخان بومىنىنىڭ ئوغلى مۇقان قاغان چىندىكى ۋېي ۋە جۇ ئىمپېراتورلۇقلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىككىسىنى ھەر يىلى تۈركىستانغا ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاندىن نۇشىرۋان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئاق ھۇن دۆلىتىنى بىرلىكتە يوقاتتى ۋە تۈركىستان بىلەن ئىران ئارىسىدا ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالدى.

تۈرك دۆلىتىنىڭ ئاسىيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورنى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ قەدىمىي ئەسەر ھېسابلىنىدىغان مەشھۇر تۈرك يېزىقى يەنى «ئورخۇن يېزىقى»نى قالدۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە چىنلىقلار، ساسانىيلار ۋە ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا بۇ دۆلەت شۇ دەرىجىدە كۈچەيدىكى، پەقەت چىنغىلا تەھدىت بولۇپ قالماستىن، ھەتتا ساسانىيلار، ۋىزانتىيە ۋە چىن دۆلەتلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالغا يەتتى. تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىنچىكە نىزامى سايىسىدە چىن، ھىندىستان، پارس ۋە رىم دۆلەتلىرى ئارىسىدا سىياسىي ھەم ئەدەبىي ساھەلەردە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. نەتىجىدە تۈركىستان يىراق شەرق بىلەن يەر شارىدىكى باشقا ئەللەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم ھالقىسىغا ئايلاندى.

بۇ دۆلەت شەرقىي كۆكتۈرك دۆلتى ۋە غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىككى ھۆكۈمەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلتى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە بېقىناتتى. غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە خان جەمەتىدىن بىر ئەمىر «يابغۇ» ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمدارلىق قىلاتتى. مىلادىيە 582 ـ يىلى خاقان شابولىيۇ (ئىشپارا) دەۋرىدە ئەمىرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى نىزا ۋە تاشقى سۇيىقەستلەر تۈپەيلىدىن غەربىي كۆكتۈرك دۆلتى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئىككى ھۆكۈمەت كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئايرىلىشنىڭ ۋابالىنى يەتكۈچە تېتىدى. بۇ جەريانىدا چىننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى كۈنسېرى ئېشىپ باردى. مىلادىيە 632 ـ يىلى بۇ بۆلۈنۈشكە يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، چىن شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى ئەڭ چوڭ ئامىل بولۇپ قالدى.



غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىمۇ ئانچە ئۇزۇن يۇت تېرەپ تۇرالمىغان بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تاشقى ھۇجۇملار تۈپەيلى مىلادىيە 659 ـ يىلى يوتۇنلەي مۇنقەرز بولدى. لېكىن، تۈركىستانلىقلار كېيىنكى كۈنلەردە بۆلۈنۈش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «قۇتلۇقخان» ئىسىملىك ئىخلاسمەن،

زىرەك بىر قوماندان رەھبەر يېتىشىپ چىقىپ، چىنلىقلارنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋەتتى ۋە مىلادىيە 681 ـ يىلى ئۆزىنى «تۈركىستان دىيارىنىڭ خاقانى» دەپ جاكارلاپ، شەرقىي تۈرك دۆلىتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتى. بارغانلا يېرىدە شانلىق زەپەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈركىستانىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تارىخ سەھىپىلىرىدە شانلىق نام قالدۇردى.

مىلادىيە 691 ـ يىلى قۇتلۇقخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قېرىندىشى موچۇرخان (قاپاغانخان) ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ چىنلىقلار بىلەن قىلغان بارلىق جەڭلەردە غەلىبە قازاندى، شۇنداقلا غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، قارلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. موچۇرخان (قاپاغانخان) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇتلۇقخانىنىڭ ئوغلى بىلگە قاغان ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولدى. بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ سەلتەنەت سۈردى. ئاخىرىدا باسمىل ۋە قارلۇقلا ئوغشاش تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، مىلادىيە 745 ـ يىلى قۇتلۇق تۈرك دۆلىتىنى يوقاتتى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: كۆكتۈرك دۆلىتى دەسلەپتە قايسى رايوندا قۇرۇلغان؟

A. ئالتاي رايونىدا ( )
B. ئورال رايونىدا ( )
C. ئاناتولىيە رايونىدا ( )
D. قازاقىستان رايونىدا ( )

2. سوئال: ئىلىكخان بومىن تۈركىستاندا نېمە قىلغان؟

A. بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ( )
B. ئىران بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزگەن ( )
C. ئۇيغۇر تۈركلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان ( )
D. قارلۇق دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلغان ( )

3. سوئال: تۈرك يېزىقى يەنى «ئورخۇن يېزىقى» قايسى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟

A. تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا ()
B. تۈرك ئىقتىسادى ساھەلىرىدە ( )
C. تۈرك ئەدەبىياتىدا ( )
D. تۈرك ئىسلام تارىخىدا ()

4. سوئال: كۆكتۈرك دۆلىتى نېمە سەۋەبتىن شەرقىي ۋە غەربىي ھۆكۈمەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن؟

A. ئەمىرلەر ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە تاشقى سۈيىقەستلەر تۈپەيلىدىن ( )

B. خاقاننىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن ( )

C. تۈركىستاننىڭ تېررىتورىيەسى بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ( )

D. خەلق ئارىسىدىكى دىنىي زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ( )

5. سوئال: تۈركىستاننى چىنلىقلاردىن قوغداپ، شەرقىي تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان ۋە ئۆزىنى «تۈركىستان دىيارلىرىنىڭ خاقانى» دەپ جاكارلىغان كىشى كىم؟


A. قۇتلۇقخان ( )

B. موچۇرخان (قاباغانخان) ( )

C. بىلگە قاغان ( )

D. ئىلىكخان بومىن ( )

## تۈركەش دۆلىتى




تۈركەش قەبىلىسى غەربىي تۈرك خانلىقىنى تەشكىل قىلغان مۇھىم قەبىلىلەردىن بىرى بولۇپ، 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئاسىيا قىتئەسىدە كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلار شەرقىي تۈرك خانلىقى، غەربتىن ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە جەنۇبتىن چىن ـ تىبەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دائىملىق تەھدىتىگە ئۇچراپ كەلگەن.

706 ـ يىلى تۈركەش خاقانى ئۇچىلا ۋاپات بولۇپ، تەخت مىراسخورلۇقى ئۈستىدىكى كۈرەشتە 711 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەر ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. كېيىن سولو ئىسىملىك سەركەردە قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ 716 ـ يىلى مۇستەقىل تۈركەش خانلىقىنى قۇرغان.

سولو ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، چىن ۋە تىبەتكە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھەر ۋە تۇخارىستاندىكى تۈرك خەلقىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كۈرىشىگە

ياردەم بەرگەن. لېكىن كېيىن تۈركەش ئىچىدىكى نىزالار تۈپەيلىدىن خانلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاجىزلاشقان. 739 ـ يىلى چىنلىقلار بىر قىسىم تۈركەش زېمىنلىرىنى، ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغان. شەرقىي تۈرك خانلىقىمۇ ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يىمىرىلگەن.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۈركەش قەبىلىسى قايسى خانلىقنى تەشكىل قىلغان مۇھىم قەبىلىلەرنىڭ بىرى؟

A. شەرقىي تۈرك خانلىقى ( )
B. غەربىي تۈرك خانلىقى ( )
C. ئۇيغۇر خانلىقى ( )
D. قاراخانىيلار خانلىقى ( )

2. سوئال: تۈركەشلەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دائىملىق تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغان؟

A. ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار ۋە باسمىللار ( )
B. شەرقىي تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە چىن ـ تىبەتلەر ( )
C. ساسانىيلار، ھىندىلار ۋە موڭغۇللار ( )

D. بىزانسلار، پارسلار ۋە خەزەرلەر ( )

3. سوئال: تۈركەش خانلىقى قاچان شەرقىي تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان؟

A. 706 ـ يىلى ( )
B. 711 ـ يىلى ( )
C. 716 ـ يىلى ( )
D. 739 ـ يىلى ( )

4. سوئال: قايسى سەركەردە تۈركەش قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇستەقىل خانلىق قۇرغان؟


A. ئۇجىلا ( )
B. سولو ( )
C. قۇتلۇق ( )
D. مۆچۈر ( )

5. سوئال: تۈركەش خانلىقى قايسى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زەئىپلىشىپ يىمىرىلگەن؟

A. دىنىي زىددىيەتلەر ۋە ئاچارچىلىق ( )
B. ئىچكى نىزا ۋە تاشقى تەھدىتلەر ( )
C. تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ۋابا كېسەللىكلىرى( )
D. دېڭىز قاراقچىلىقى ۋە ئۇرۇش ( )

## قارلۇق دۆلىتى

قارلۇق قەبىلىلىرى تۈركەش ۋە غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان بىر دۆلەت قۇردى. ئۇلار دەسلەپتە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭنىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئالتاينىڭ غەرب تەرەپلىرىگە ئولتۇراقلاشتى. كېيىن چىن ئۇلارنى بېسۋېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە ئايلاندۇردى.




745 ـ يىلى قارلۇقلار ئۇيغۇر ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈرك دۆلىتىنى يوقاتتى. 751 ـ يىلى تالاس جېڭىدە ئۇلار چىن سېپىدىن ئايرىلىپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قېتىلدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

766 ـ يىلى قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر دىيارىدا ئۆز

دۆلتىنى قۇرۇپ تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇمىنى توستى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ قارلۇقلارنىڭ كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا «خاقانىيە ئىسلام دۆلىتى»نى قۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلىدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قارلۇق قەبىلىلىرى قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان؟

A. ئۇيغۇر ۋە قىتان دۆلىتى ( )
B. تۈركەش ۋە غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى ( )
C. شەرقىي تۈرك ۋە خەزەر دۆلىتى ( )
D. قاراخانىيلار ۋە سەلجۇق دۆلىتى ( )

2. سوئال: قارلۇقلار دەسلەپتە قەيەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان؟

A. ئۈرۈمچى، گۇچۇڭنىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئالتاينىڭ غەرب تەرەپلىرى ( )
B. قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ ( )
C. تۇرپان، قۇمۇل ۋە كورلا ( )
D. ياركەنت، كۇچار ۋە قاراشەھەر ( )

3. سوئال: قارلۇقلار قايسى يىلى ئۇيغۇر ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈرك دۆلىتىنى يوقاتقان؟

A. 715 ـ يىلى ( )
B. 730 ـ يىلى ( )
C. 745 ـ يىلى ( )
D. 760 ـ يىلى ( )

4. سوئال: تالاس جېڭىدە قارلۇقلار قايسى تەرەپكە ئۆتكەن؟

A. چىن سېپىگە ( )
B. بىزانس سېپىگە ( )
C. پارس سېپىگە ( )
D. مۇسۇلمانلار سېپىگە ( )

5. سوئال: قارلۇقلار قاچان ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئالغان؟

A. 744 ـ يىلى ( )
B. 755 ـ يىلى ( )
C. 766 ـ يىلى ( )
D. 777 ـ يىلى ( )

## ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى




ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى مەۋجۇتلۇق تارىخىدا تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن:

**1. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىش باسقۇچى (742 ـ 756):**

مىلادىيە 742 ـ يىلى ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باسمىل قەبىلىلىرى بىرلىكتە كۆكتۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 744 ـ يىلى باسمىللار كۆك تۈركلەرنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەننى ئىگىلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار بىرلىشىپ، باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇيغۇرلار

ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. كېيىنچە بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىنى يادرو قىلغان ئۇيغۇرلار قاغانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالدى، قارلۇقلار يابغۇلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى قۇتلۇغ بويلا بولۇپ، ئۇ «قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇرۇپ، ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ، مىلادىيە 747 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى بايانچۇر (مويۇنچۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ نامى «ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» دەپ ئاتالدى.

بايانچۇر قاغان ئوردۇبالىق شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەرنى سالدۇردى ۋە تېز سۈرئەتتە تۆت ئەتراپقا كېڭىيىپ، جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي، ھەتتا ھازىرقى تۇۋا رايونلىرىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى.

**2. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى (756 ـ 795):**

بايانچۇر ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىت ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىش دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

بايانچۇر قاغان دەۋرىدە ئۇيغۇر قاغانلىقى كۈچەيدى ھەمدە 756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپى بويىچە قوشۇن ئەۋەتىپ «ئۆتكۈلۈك ـ سۆيگۈن قوزغىلىڭى»نى باستۇردى. مانا بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر قاغانلىقى شىمالىي ۋە



شەرقىي ئاسىيا رايونىدا قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، تېخىمۇ كۈچىيىشكە يۈزلەندى. 759 ـ يىلى بايانچۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تەڭرى بۆگۈ قاغان تەختكە چىقتى ۋە 763 ـ يىلى «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن قوزغىلىڭى»نى تىنجىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئۇنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىگە باغلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى كۈچىيىپ، مىلادىيە 779 ـ يىلىغا كەلگەندە شەرقىي ۋە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، ھەتتا بۆگۈ قاغان تاڭ سۇلالىسىغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىپ، زېمىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكچى بولدى. مانا شۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىششى بىلەن تۇنباغا تارقان باشچىلىقىدىكى تاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارشى پىكىردىكىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلماسلىق، ئەمما ئۇنىڭغا يىپەك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن تۆلەم تۆلەش، سودا جەھەتتە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا پايدا كەلتۈرۈش سىياسىتىنى قوللاندى.

لېكىن، مەزكۇر ئوردا ئۆزگىرىشى قاغانلىقنىڭ ئاجىزلىششى ئۈچۈن ئاساس سالدى. 789 ـ يىلى تىبەتلەر

خېلى كۆپ زېمىنلارنى بېسىۋالدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى كۈچەيدى، ئەمما 795 ـ يىلىغا كەلگەندە بەربىر ئۇيغۇر قاغانلىقى يەنىلا كۈچلۈك ھالىتىنى ساقلىغان بولسىمۇ، 779 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى قۇدرەتلىك ھالىتىگە قايتالمىدى.

**3. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىچكى ماجىرا ۋە خاراب بولۇش باسقۇچى (795 ـ 840):**



مىلادىيە 795 ـ يىلى ئوردا ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، ئەدىز قەبىلىسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە، بۇرۇنقى ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاخىرلىشىپ ھاكىمىيەت ئەدىزلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئاجىزلىششى ۋە ئىچكى جەھەتتە ياغلاقارلار بىلەن ئەدىزلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىششىگە يول ئاچتى. گەرچە ئەدىز قەبىلىسى داۋاملىق تىبەتلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ،

ھەتتا قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەندى. 808 ـ يىلىدىن كېيىن تاكى 840 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قانچە خان ئالماشتى. مىلادىيە 821 ـ 24 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى پەرغانە ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىغىچە يېتىپ باردى ھەمدە تىبەتلەرنى ئىگىلىۋالغان جايلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما، ئوردا ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ۋە قاغانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرۇشى ئۇلارغا ئاجىزلىق ئېلىپ كەلدى. مانا شۇ چاغدا قىرغىزلار ئىچكى ماجرادىن پايدىلىنىپ كۆچىيىشكە يۈزلەندى ھەمدە 840 ـ يىلى ئوردۇبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. نەتىجىدە ئوردۇبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

**4. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇتۇلۇش كۈرىشى ۋە يۇتۇنلەي يوقىلىشى (840 ـ 847):**

840 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مەركىزى ئوردۇبالىق قىرغىزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، 15 قەبىلە غەرب تەرەپكە، 13 قەبىلە جەنۇب تەرەپكە، يەنە بىر چوڭ تارماق قەبىلە گەنسۇدىكى چوغاي تاغلىرى رايونىغا كېتىپ پاناھلاندى. ياغلاقار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆگە تېكىن باشچىلىقىدىكى خان جەمەتى قەبىلىسى ئۆگە تېكىننى قاغان سايلاپ، جەنۇب تەرەپكە يۈرۈپ، تاڭ

سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىش ۋە تاڭنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراق قاتارلىق ئەشيالارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاڭ چېگرىسىغا يېتىپ كېلىپ، مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىش ئەمەس، بەلكى ھۇجۇم قىلدى، ھەم قىرغىز قاغانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلدى. تەخمىنەن 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جان تالاشقان ئۆگە قاغان ئاخىرى 846 ـ يىلى جەڭدە ئۆلدى. ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئىنىيان تېكىن قاغان بولۇپ، تاكى ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ 847 ـ يىلى ئائىلىسى ۋە 9 ئادىمى بىلەن قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى نامەلۇم بولدى. دېمەك، 847 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقالغان يىلىدۇر.

ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىلىشىدا قىرغىز قاغانلىقى بىۋاسىتە رول ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى زىددىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىدى ھەمدە ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۇلارغا ياردەم بەرمىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ 100 يىللىق تارىخىدا جەمئىي 15 قاغان ئۆتكەن، دېيىلىدۇ.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىش باسقۇچى قايسى يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

A. 742 ـ 756 ـ يىللار ( )
B. 744 ـ 758 ـ يىللار ( )
C. 746 ـ 760 ـ يىللار ( )
D. 748 ـ 762 ـ يىللار ( )

2. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى كىم؟

A. بايانچۇر ( )
B. تەڭرى بۆگۈ قاغان ( )
C. ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ( )
D. قۇتلۇغ بويلا ( )

3. سوئال: بايانچۇر قاغان دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ زېمىنى قەيەرلەرگىچە كېڭەيگەن؟

A. جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي ۋە تۇۋا رايونلىرى ( )
B. شىمالىي سىبىرىيە، ئاقسۇ ۋە كۇچار رايونلىرى ( )

C. شەرقىي سىبىرىيە، غۇلجا ۋە تۇرپان رايونلىرى ( )
D. ئوتتۇرا سىبىرىيە، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر رايونلىرى ( )

4. سوئال: تاڭ سۇلالىسىنىڭ قايسى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر قاغانلىقى 756 ـ يىلى قوشۇن ئەۋەتكەن؟

A. ۋاڭ يۆن قوزغىلىڭى ( )
B. ئىبىن ۋاھابلار قوزغىلىڭى ( )
C. خۇاڭ چاۋ قوزغىلىڭى( )
D. ئەنلۇشەن ـ سېيگۈن قوزغىلىڭى ( )

5. سوئال: مىلادىيە قايسى يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى شەرقىي ۋە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان؟

A. 775 ـ يىلى ( )
B. 777 ـ يىلى ( )
C. 779 ـ يىلى ( )
D. 781 ـ يىلى ( )

6. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىچكى ماجىرا ۋە خاراب بولۇش باسقۇچى قايسى يىللار ئارىسىدا بولغان؟

A. 744 ـ 795 ( )
B. 795 ـ 840 ( )
C. 840 ـ 847 ( )

D. 808 ـ 840 ( )

7. سوئال: مىلادىيە 795 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىدا قايسى قەبىلە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن؟

A. ياغلاقار ( )
B. باسمىل ( )
C. ئەدىز ( )
D. قارلۇق ( )

8. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى ئىشلار ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن؟

A. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ( )
B. ئاساسلىق 15 قەبىلە غەرب تەرەپكە ماكانلاشقان ( )
C. 13 قەبىلە شىمال تەرەپكە پاناھلانغان ( )
D. بىر چوڭ تارماق قەبىلە گەنسۇغا كەتكەن ( )

9. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانى كىم ئىدى؟

A. بۆگۈ قاغان ( )
B. ئۆگە قاغان ( )
C. سۈيتىندە ئىنيان تېكىن ( )
D. مويۇنچۇر قاغان ( )

10. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ 100 يىللىق تارىخىدا جەمئىي قانچە قاغان ئۆتكەن؟

A. 9 ( )

B. 10 ( )

C. 13 ( )

D. 15 ( )

# قانقىل دۆلىتى

(مىلادىيە 487 ـ 541 ـ يىللىرى)




مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ۋادىسى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى ھەمدە تۇرپان تەۋەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر دۆلىتى، يەنى قانقىل دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قانقىللار ئۇيغۇرلارنىڭ 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردىكى بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، خىتايلار (خەنزۇلار) ئۇلارنىڭ ئېگىز ھارۋىلارنى قاتناش قوراللىرى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «گاۋچې» يەنى «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتىغان ئىدى.

5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردىكى قانقىل قەبىلىلىرى جەمئىي 6

ئـۇرۇق ۋە 12 جەمەتتـىن تەركـىپ تاپقـان بولـۇپ، ئۇلارنـىڭ شـەرقىي تارماقلـىرى موڭغۇلىيـە يايلىقىدىكـى تـۇغلا دەرياسـى بىلـەن ئورخـۇن - يېنىسـەي دەريا ۋادىلـىرى ئارىسـىغا، غەربىي تارمىقـى تەڭـرى تاغلـىرى ۋە ئوتتـۇرا ئاسـىيانىڭ بىـر قىسـمىغا تارقالغـان. قانقـىل قەبىلىلـىرى 6 - 7 - ئەسـىرلەردە يەنـە «تېلـى قەبىلىلـىرى» دەپمـۇ ئاتالغـان. ئۇلارنـىڭ تارقىلىـش دائىرىسـى كـەڭ بولـۇپ، غەربتـە ئوتتـۇرا ئاسـىيادىن تارتـىپ ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېيىلغان.

قانقــللار 4 - 5 - ئەسـىرلەردە سـىيانپىلارنىڭ شـىمالىي ۋېـي سۇلالىسـى ۋە جۇجـان خانلىقـى بىلـەن تـەڭ كـۆرەش قىلىشـقا مەجبـۇر بولـدى. بـۇ ئىككـى كـۈچ قانقىللارنـى بويسـۇندۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارشـى ئۇرۇشـقا سېلىشـقا ئۇرۇنـدى. قانقـىل قەبىلىلـىرى دائىـم سـىيانپىلار ۋە جۇجانلارغـا قارشـى ئىسـيان كۆتۈرەتتى. ئەمما، ئۇلار بىۋاسـتە جۇجانلارنىڭ قـۇل قىلىشـىغا ئۇچرىـدى ۋە جۇجـانلار قانقىللارنـى سـىيانپىلار بىلـەن بولغـان ئۇرۇشلارغـا سېلىشـقا زورلىغانلىقـى ئۈچـۈن مىلادىيـە 487 - يىلـى قانقىللارنـىڭ پۇۋۇرغـۇر قەبىلىسـى جۇجانلارنـىڭ تەلىپىنـى رەت قىلىـپ، جۇجانلارغـا قارشـى ئىسـيان كۆتـۈردى. پۇۋۇرغـۇر قەبىلىسـىنىڭ باشـلىقى ئاپۇرغـۇر (چىـن مەنبەلىرىـدە ئافۇجىلـو دەپ ئاتالغـان) بولـۇپ، ئۇنـىڭ ئىنىسـى كۆنچـى (چىـن مەنبەلىرىـدە چۇڭچـى) دەپ ئاتالغـان. ئـاكا - ئۇكـىلار 100 مىـڭ ئۆيلـۈك، يەنـى تەخمىنـەن 500 مىـڭ ئادەمنـى بـاشلاپ غەربكـە كۆچـۈپ، تۇرپـان ئەتراپىغـا كېلىـپ ماكانلاشـقان. ئاپۇرغـۇر ئۆزىنى «قاغـان» دەپ جاكارلاپ

ئۆزىگە «كۆل بىلگە»، يەنى «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت» ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئىنىسى بولسا «كۆل بەگ» دەپ ئاتالغان.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن قانقىل دۆلىتىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىدارە قىلغان بولۇپ، شىمال تەرەپتىكىلەرگە ئاكىسى ئاپۇرغۇر، جەنۇب تەرەپتىكىلەرگە ئىنىسى كۆنچى باشلامچىلىق قىلغان. ئەلۋەتتە، چوڭ قاغان يەنىلا ئاكىسى ئىدى. ئەنە شۇ 487 ـ يىلى قانقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان يىلىدۇر.

ئاپۇرغۇر ۋە كۆنچى باشچىلىقىدىكى قاڭقىللار ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جۇجانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگىچە كېڭىيىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن قاراشەھەر، خوتەن، پىشامشان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. قانقىللارنىڭ جەنۇبىي خانلىق تارمىقى كۆنچىنىڭ باشچىلىقىدا قاراشەھەرنى مەركەز قىلىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغان.

مىلادىيە 496 ـ يىللىرىغا كەلگەندە قانقىل دۆلىتى پۈتۈن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ھەم شەرقىي قىسىملىرىنى ئۆز خەرىتىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن. بىراق، 497 ـ يىلىدىن كېيىن جۇجانلارنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى تەسىر كۈچى ئېشىشقا باشلاپ، قانقىللار بىلەن جۇجانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار كۈچىيىپ كەتكەن. بۇ

ۋاقتتا يەنە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر كۆچى ئاشقان. ئەسلىدە ئۇلار قانقىللار بىلەن تۇغقانداشلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلار چىن مەنبەلىرىدە ئافۇجىلۇ «غەربىي دىڭلىڭلار» دەپ ئاتالغان، ياۋروپا مەنبەلىرىدە بولسا «ئېفتالىتلار» ياكى «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئېفتالىتلار جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن شىمالدىكى يايلاق رايونلىرىنى تاشلاپ، تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خوتەن ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن ۋە مىلادىيە 425 ـ يىلى يەنە داۋاملىق كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ يەرلەردە بارغانسېرى قۇدرەت تاپقان. قانقىللار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، چۇڭچى تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپلىرىنى بويسۇندۇرغان پەيتتە ئېفتالىتلارمۇ زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەشمىر، ئافغانىستان، ماۋارائۇننەھىر قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇپ چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان ھەمدە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىگىچە كېڭەيگەن.

مىلادىيە 492 ـ يىلى قانقىل دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئاپۇرغۇرنىڭ ئىنىسى كۆنچى قاراشەھەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ۋادىسى رايونلىرىنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ھەمدە ئۇ ئېفتالىتلار بىلەن ئاساسلىق ئۇرۇش قىلغۇچىغا ئايلانغان. مىلادىيە 497 ـ يىلى كۆنچى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن ھەمدە قاراشەھەر ئېفتالىتلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئېفتالىتلار كۆنچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مىئېتۇنى ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەن.

بۇ ۋاقىتتا يەنە تىبەت تىللىق خەلقلەردىن تۇيغۇنلار كۈچىيىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى قانقىللاردىن تالىشىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ پىشامشاننى ئىگىلىۋالغان. بۇ ۋاقىتتا قانقىل دۆلىتى جۇجانلار، ئېفتالىتلار ۋە تۇيغۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ كۈچ بىلەن تەڭلا ئۇرۇش قىلىشقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، نەتىجىدە قانقىللارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان ھەمدە خان جەمەتىدە ئىختىلاپلار كۈچەيگەن. ئاپۇرغۇرخان بولسا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان چوڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۆزىمۇ دۆلەتتە قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 501 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. بەلكى، بۇ ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا جۇجان، ئېفتالىتلار رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپۇرغۇر ئۆلگەندىن كېيىن، تۇغقانلىرىدىن «بالىيان» ئىسىملىك بىر كىشى مىلادىيە 503 ـ 505 ـ يىللىرى ئارىسىدا قانقىل خانى سۈپىتىدە قانقىل قەبىلىلىرىنى باشقۇرغان. بالىيان جۇجانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش سىياسىتى يۈرگۈزگەن. ئېفتالىتلار بالىياننىڭ بۇ سىياسىتىنى قوللىمىغان ھەمدە قانقىللارغا ئۇرۇش قوزغاپ، بالىياننى يوقىتىپ، كۆنچى خاننىڭ ئەسىرلىكتە تۇرۇۋاتقان ئوغلى مىئېتۇنى تەختكە چىقارغان. مىئېتۇ ئەقىللىق سىياسىيون بولۇپ، ئۇ قاڭقىللار بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن تۇغقان بولغان ئېفتالىتلارغا يۆلىنىپ، قانقىل دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھەمدە قانقىللارنىڭ تۆت ئەتراپىي ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قورشاۋى ئاستىدا قالغان شارائىتتا قانقىل دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يوللىرىنى

ئىزدىگەن. مىئېتۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاساسلىقى ھۇجۇم نىشانىنى قانقىللارنىڭ كونا رەقىبى بولغان جۇجانلارغا قاراتقان. 508 ـ يىلى مىئېتۇ قانقىل قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، بارىكول ئەتراپىدا جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن قانقىللار داۋاملىق كۆچەيگەن ھەمدە تارىم ـ تۇرپان ۋادىلىرىغا بولغان كونتروللۇقنى كۆچەيتىپ قوچۇ خانلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. مىئېتۇ ئېفتالىتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، تەختتە ئولتۇرغان 11 يىل جەريانىدا پۈتۈن كۈچىنى جۇجانلارغا قارشى تۇرۇشقا قاراتقان.

مىلادىيە 516 ـ يىلى مىئېتۇ باشچىلىقىدىكى قاڭقىللار ئىككىنچى قېتىم جۇجانلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلىپ قالغان ھەمدە مىئېتۇ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان يەنە بىر ئىنىسى يىفۇ ئىگىلىگەن. يىفۇ مىلادىيە 518 ـ يىلىدىن 524 ـ يىلىغىچە قانقىل خانى بولۇپ ھاكىمىيەت سۈرگەن ھەمدە سىيانپىلارنىڭ شىمالي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورناتقان. 520 ـ يىلى يىفۇ قانقىللارغا باشلامچىلىق قىلىپ جۇجانلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ ئۇرۇشتا ئۇلار ئېفتالىتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

521 ـ يىلى قانقىللار يەنە بىر قېتىم جۇجانلارغا ھۇجۇم

قىلىپ، جۇجانلارنى موڭغۇلىيە يايلاق رايونىغىچە قوغلاپ بېرىپ، خانلىقنى يوقىتىشقا ئازلا قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قانقىل خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچى ئاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆز ئىچكى ئىتتىپاقچىسى بولغان شىمالىي ۋېي، ھەتتا ئېفتالىتلارمۇ ئەندىشە قىلىشقا باشلىغان. ئەمما، مىلادىيە 524 ـ يىلى يىقىلغان جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ، ئىنىسى يوجۇ ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان جاكارلىغان. شۇ يىلى قانقىللار شىمالىي ۋېي بىلەن بولغان ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن.

524 ـ 536 ـ يىللىرى ئارىسىدا يوجۇخان تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ 533 ـ 536 يىللاردا جۇجانلارغا قارشى ئۇرۇشنى قانات يايدۇرغان. ئەمما ئۇ 536 ـ يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندا ئوغلى بىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بىشى 536 ـ 540 ـ يىللىرى ئارىسىدا قانقىللارنىڭ خانى بولغان. بۇ ۋاقىتتا قانقىللارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان، ئېفتالىتلار ۋە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوللىشىمۇ يېتەرلىك بولمىغان ئىدى.

540 ـ 541 ـ يىللىرى ئارىسىدا جۇجانلار قانقىللارغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاپ، قانقىللارنى مەغلۇپ قىلغان ۋە بىشى خاننى ئۆلتۈرگەن.

قالدۇق قانقىل قەبىلىلىرى بولسا چۇبىننى خان سايلاپ، ۋېي سۇلالىسىگە بېقىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ 541 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن قانقىللار دۆلىتى ئۇزۇل ـ

كېيىن يوقالغان.

مىلادىيە 487 ـ يىلىدىن 541 ـ يىلىغىچە 54 يىل داۋاملاشقان قانقىل دۆلىتىدە 7 خان ئۆتكەن. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئاپۇرغۇر قۇرغۇچى خان بولۇپ، ئۇ ئىنىسى كۆنچى بىلەن بىرلىكتە قانقىل دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغان ھەمدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا قانقىل دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان.

قانقىل دۆلىتى قانقىل قەبىلىلىرىنىڭ جۇجانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇل قىلىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان دۆلەت ئىدى.

يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە جەريانىدا ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى، جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى كەڭ جايلاردا سىياسىي گەۋدىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى كۆك تۈركلەر ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بۇ زېمىنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس ياراتقان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ زېمىندا كەڭ ماكانلىششى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان ئىدى. موڭغۇلىيە رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاپۇرغۇر باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ ئائىلىلىك قاڭقىللار ئەسلىدە تەڭرى تاغ ئەتراپىدا ياشايدىغان قانقىل ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بۇ زېمىندىكى كۆپ سانلىق نوپۇسنى ئىگىلىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تېز

سۈرئەتتە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھاكىمىيەت قۇرالىغان. ئەگەر ئەسلىدىنلا بۇ زېمىنلاردا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىمىغان ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا ئاپۇرغۇر ۋە كۆنچى باشچىلىقىدىكى قانقىل دۆلىتىنىڭ مۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قانقىللارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى، بولۇپمۇ جۇجانلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىشى ئەينى دەۋردە يايلاق رايونىنى مەركەز قىلغان ئەڭ قۇدرەتلىك جۇجانلار ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جۇجانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن ئىدى.

ئەنە شۇ قانقىللارنىڭ قاتتىق زەربىلىرى نەتىجىسىدە جۇجانلار باغانسىرى ئاجىزلىشىپ، ئاخىرى كۆك تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ ئۇلارنى يوقىتىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان.

قانقىل دۆلىتى ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك مەۋجۇتلۇق تارىخىدا ئىنتايىم قىيىن ھەربىي ـ سىياسىي بېسىملارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، قانقىل دۆلىتى جۇجانلار، ئېفتالىتلار، تۇيغۇنلار ۋە سىيانپىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە ياكى تىنچلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن. سىيانپىلار ۋە ئېفتالىتلار ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى جۇجانلارغا قارشى كۈرەشلىرىدە پايدىلانغان. قانقىللارمۇ

جۇجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش يولىدا ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئېفتالىتلارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلانغان، شۇڭلاشقا سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن سىيانپىلار بىلەنمۇ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. دېمەك، قانقىل دۆلىتى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ، ئاخىرىدا جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يوقىتىلغان.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قانقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قايسى ۋاقىتلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان؟

A. مىلادىيە 3 ـ 5 ـ ئەسىرلەردە ( )
B. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ( )
C. مىلادىيە 1 ـ 3 ـ ئەسىرلەردە ( )
D. مىلادىيە 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە ( )

2. سوئال: قانقىل قەبىلىلىرى جەمئىي قانچە ئۇرۇق ۋە جەمەتتىن تەركىب تاپقان؟

A. 5 ئۇرۇق ۋە 12 جەمەت ( )
B. 7 ئۇرۇق ۋە 10 جەمەت ( )
C. 6 ئۇرۇق ۋە 12 جەمەت ( )

D. 8 ئۇرۇق ۋە 14 جەمەت ( )

3. سوئال: قانقىللار قايسى دۆلەتلەر بىلەن تەك كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولغان؟

A. خىتاي (خەنزۇ) لارنىڭ سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى ( )
B. سىيانپىلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋە جۇجان خانلىقى ( )
C. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ( )
D. يەتتەسۇ ۋە پارس ئىمپېرىيىسى ( )

4. سوئال: ئاپۇرغۇر ۋە كۆنچى باشچىلىقىدىكى قاڭقىللار كىملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان؟

A. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ( )
B. جۇجانلار ( )
C. پارس ئىمپېرىيىسى ( )
D. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ( )

5. سوئال: قانقىل دۆلىتى مىلادىيە قايسى يىلى پۈتۈن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ھەم شەرقىي قىسىملىرىنى ئۆز خەرىتىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن؟

A. مىلادىيە 487 ـ يىلى ( )
B. مىلادىيە 496 ـ يىلى ( )
C. مىلادىيە 520 ـ يىلى ( )
D. مىلادىيە 550 ـ يىلى ( )

6. سوئال: قانقىل دۆلىتى مىلادىيە 492 ـ يىلى كىملەر

تەرىپىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن؟

A. ئاپۇرغۇر ۋە كۆنچى ( )
B. جۇجانلار ۋە ئېفتالىتلار ( )
C. تۈيغۇنلار ۋە سىيانپىلار ( )
D. ئاپۇرغۇر ۋە بالىيان ( )

7. سوئال: كۆنچى خان قايسى يىلى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن؟

A. مىلادىيە 503 ـ يىلى ( )
B. مىلادىيە 501 ـ يىلى ( )
C. مىلادىيە 505 ـ يىلى ( )
D. مىلادىيە 497 ـ يىلى ( )

8. سوئال: مىلادىيە 516 ـ يىلى قانقىللارنىڭ خانى كىم ئىدى؟

A. مىئېتۇ ( )
B. يىفۇ ( )
C. ئاپۇرغۇر ( )
D. بالىيان ( )

9. سوئال: يىفۇ قانقىل خانلىقىنى قايسى يىللار ئارىلىقىدا ئىدارە قىلغان؟

A. مىلادىيە 518 ـ 524 يىللىرى ( )
B. مىلادىيە 508 ـ 516 يىللىرى ( )
C. مىلادىيە 533 ـ 536 يىللىرى ( )
D. مىلادىيە 520 ـ 528 يىللىرى ( )

10. سوئال: يىفۇ خانىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە

دېيىلگەن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

A. يىقۇخان سىيانپىلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورناتقان ( )

B. يىقۇخان قۇدرىتىنى ئاشۇرغانلىقتىن، ئېفتالىتلار ۋە شىمالىي ۋېي ئەندىشىگە چۈشكەن ( )

C. يىقۇخان ئېفتالىتلار ۋە شىمالىي ۋېي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ساقلىغان ( )

D. يىقۇخان 524 ـ يىلى شىمالىي ۋېي بىلەن ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ( )

70

# قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى)

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى



ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 840 ـ يىللىرىغا كېلىپ شەرقتىن غەربكە كۆچۈش باسقۇچىغا كىرگەندە، خانلىقنىڭ رايونىدىكى رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولغان شاھزادە پانتېكىن باشچىلىقىدا 15 قەبىلە بېشبالىق رايونىغا توپلانغان. بۇ قەبىلە بېشمىل قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ، ئاگنى (ھازىرقى قارا شەھەر) غا يېتىپ كەلگەن. پانتېكىن ئۆزىنى «يابغۇ» دەپ جاكارلاپ، 200 مىڭ كىشىنى شەرقتە بوغدا تېغى ئەتراپىدىكى جايلارغا يەرلەشتۈرگەن.

گوبى تەرىپىگە كەتكەن خاقان ئۇگەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋىرىنى ئاڭلىغان پانتېكىن ئۆزىنى «خاقان» دەپ جاكارلىغان. بەلكىم، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بۆگۈ تېكىن بولۇشى مۇمكىن.

## قوچۇ خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى

مىلادىيە 866 ـ يىلى بۆگۈ تېكىن بېشبالىقتىكى ئەسكەرلىرىنى تىبەت قوماندانى شاڭ كۈڭرىغا قارشى يوللاپ، شاڭ كۈڭرىنى مەغلۇپ قىلدۇ. بۇ يېڭىلىشتىن كېيىن شاڭ كۈڭرىنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۆلتۈرۈلدۇ ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى بىراقلا مۇستەھكەملىنىدۇ. قوچۇ شەھىرى قوچۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىندۇ.

## قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى

قوچۇ خانلىقىنىڭ دائىرىسى ھەققىدە تۈرلۈك مەنبەلەر ۋە تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش» ناملىق ئەسىرىدە خانلىقنىڭ ئىران ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە ۋە ھىندى دەريا ۋادىسىدىكى پېشاۋۇرغىچە چېگرىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچۇ خانلىقىنىڭ شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ غەربتە تىبەت، شىمالدا جىمسار، جەنۇبتا گەنسۇ بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمىي مەنبەلەردە بولسا، قوچۇ خانلىقىنىڭ غەربتىكى چېگرىسى تاشكەنتكىچە يېتىپ بارىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى كىم؟

A. پانتېكىن ( )
B. بۆگۈ تېكىن ( )
C. ئۈگە خاقان ( )
D. شاڭ كۈگرى ( )

2. سوئال: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قايسى يىللاردا شەرقتىن غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان.

A. مىلادىيە 800 ـ يىللىرى ( )
B. مىلادىيە 820 ـ يىللىرى ( )
C. مىلادىيە 840 ـ يىللىرى ( )
D. مىلادىيە 860 ـ يىللىرى ( )

3. سوئال: پانتېكىن قانچە قەبىلىنى بېشبالىق رايونىغا يۆتكىگەن؟

A. 10 قەبىلە ( )
B. 15 قەبىلە ( )
C. 20 قەبىلە ( )
D. 25 قەبىلە ( )

4. سوئال: قوچو ئۇيغۇر خانلىقى غەربتە قەيەرگىچە سوزۇلغان؟

A. تىبەتكىچە ( )
B. ئىرانغىچە ( )
C. ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە ( )
D. پېشاۋۇرغىچە ( )

5. سوئال: مىلادىيە قايسى يىلى بۆگۈ تېكىن تىبەت قوماندانى شاڭ كۇڭرىنى مەغلۇپ قىلغان؟

A. 856 - يىلى ( )
B. 860 - يىلى ( )
C. 866 - يىلى ( )
D. 870 - يىلى ( )

# تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى

(1363 ـ 866)



مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مەركىزى قىرغىز خانلىقى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىگە كەتكەن 15 قەبىلىگە باشلامچىلىق قىلغان پانتېكىن قارا شەھەر ئەتراپىدا ئۆزىنى قاغان ئېلان قىلغان ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانلىقى قاراشەھەر، كۇچار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بىر گەۋدە ئىچىگە ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قوچۇ ۋە بېشبالىقنى مەركەز قىلغان يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتى يەنى «تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى» تارىخ سەھنىسىگە

چىقتى.

تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بەزىلەر يان تېكىن مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن تاكى 848 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆچۈپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا 10 يىل تۇرغاندىن كېيىن كۈچ توپلاپ، مىلادىيە 856 ـ يىلى قاراشەھەردە ئۆزىنى «قاغان» دەپ جاكارلىغان ۋە داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قوچۇنى ئىگىلەپ شۇ يەرنى پايتەخت قىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشتا خىتايچە مەنبەلەردىن «سۇڭ خۇيياۋ»، «كونا تاڭنامە»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخنامىلەردىكى ئۇچۇرلار ئاساس قىلىنغان. بۇ قاراشتىكىلەر يانتېكىننى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىسى، مىلادىيە 866 ـ يىلى ئۇيغۇر گېنېرالى پۇگۇجۈن يەنى بۇقا چىن بېشبالىق، بۇگۇر قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان ۋە تىبەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بېشبالىقتا ئۆزىنى بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلغان. دېمەك، 866 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئانالىز قىلغاندا، يان تېكىننىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر.

قوچۇنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانلىرى ئۆزلىرىگە «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىنى قوللانغان. بۇ ئەسلىدە باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئۇنۋانى ئىدى. بېشبالىقنى يازلىق پايتەخت، قارا قوچۇنى قىشلىق پايتەخت قىلغان مەزكۇر دۆلەت ئادەتتە غەرب تارىخچى مەنبەلىرىدە «تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى» ياكى «قوچۇ خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رۇس تارىخشۇناسلىرى «تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كېڭىيىپ، زېمىن دائىرىسى شەرقتە گەنسۇغىچە، غەربتە كۇچارغىچە كېڭەيگەن ۋە جەنۇبتا تەكلىماكاننىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە شىمالدا ئالتايغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسىنىڭ 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاتىشى بويىچە، «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان. 10 ـ 12 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدىكى مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئۇلارنى «توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتىغان. 13 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمان تارىخچىلىرى بولسا «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتىغان. 11 ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىي بولسا مەزكۇر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بەش شەھىرى بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى يەنى قوچۇ خانلىقى فېئوداللىق مەملىكەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ۋە باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان، چارۋىچىلىقمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلغان. دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى خان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا تېكىنلەر، يەنى شاھزادىلەر ۋە خاتۇنلار ئاساسلىق ھۆكۈمرانلار ئىدى. ۋەزىرلەر ۋە سانغۇنلارنىڭمۇ ھوقۇقى چوڭ ئىدى. خان، تېكىن، خاتۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرى، چارۋىلىرى بار ئىدى.



تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان مەملىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاز سانلىق بىر قانچە مىللەت ياشىغان. بۇددىزم ئاساسلىق ھۆكۈمران دىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە يەنە مانىخېيزم، نېستورىئان ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى ئۆز دۆلىتىدە كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشتەك دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى يۈرگۈزگەن ئىدى. قو ـۇدا مانىخېيزىم، بۇددا ۋە

نېستورىئان ئىبادەتخانىلىرى بولغان. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى بىر قانچە دىنغا ئىشىنىش ۋەزىيىتى مەۋجۇت بولۇپ، 763 - يىلىدىن كېيىن مانىخەي دىنى ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقالغان، تۇرپان تەۋەسىدىمۇ بۇ دىن يەنىلا كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى.



تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ قوللىنىلغان ھەم بۇ يېزىقتا ئەدەبىيات، پەلسەپە، دىن، ئىجتىمائىي - قانۇنىي ھۆججەتلەر، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا ھەر خىل ساھەلەرگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغان، شۇنىڭدەك مەتبەچىلىك تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنىپ، بۇ ئەسەرلەر مەتبەدە بېسىلغان. رەسساملىق سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇددا غارلىرىدىكى تام سۈرەتلىرى بۇنىڭ مىسالى ئىدى.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ياخشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۆلەتتە كەمبەغەللىك يوق، خەلق تۇرمۇشى باياشات ۋە خاتىرجەم ئۆتكەن ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىش، بولۇپمۇ ئەتراپقا كېڭىيىپ ئۇرۇش قىلىشتىن

ساقلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئات چاپتۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى قىلىشتەك قەھرىمانلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئورنىغا ئولتۇراقلىشىش ۋە بېكىنمىچىلىك خاراكتېرى ئالماشقان. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ دۆلەتكە ئەلچىلىككە كەلگەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندى تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خەلق ئارىسىدا ناخشا ـ مۇزىكا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەتتا كىشىلەر سەيلىگە چىقسا مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئۆزلىرىگە ھەمرا قىلىۋالاتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئۆتكەن بولۇپ، شەھەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئىدى.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا يازما ئەدەبىياتمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، ئاپرىنچۇر تېكىن قاتارلىق ئالىملار ۋە شائىرلار شۇ دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىدى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن 8000 پارچىسى سانكت پېتېربورگدا، 4000 پارچىسى بېرلىندا ۋە باشقا پارچىلار باشقا دۆلەتلەردە ساقلانماقتا.

«مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «شۈئەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «چاشتانى ئىلىبەك قىسسىسى»، «ئىككى

تېكىستىنىڭ ھېكايىسى» ، «ئىرىق بىتىگ» ، «سىدىخارتاسا» ۋە باشقا كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەر ھەم قانۇنىي ھۆججەتلەر دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى.

تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتى ئىلگىرى ـ كېيىن 500 يىللىق مۇساپىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر قاتار كەسكىن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى بىلەن باغلاندى. بۇ جەرياندا ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولغان تولۇق مۇستەقىللىق ۋە چىڭگىزخان ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىگە بېقىندا بولۇپ تۇرۇش ھالىتىنى ساقلىغان بولۇپ، تولۇق مۇستەقىللىق دەۋرى بېقىندا خاندانلىق دەۋرىدىن ئۇزۇن بولغان.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ بېقىندا دۆلەتچىلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان دەۋرى 1209 ـ يىلى يەنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىشى ۋە چىڭگىزخان تەرىپىدىن «بەشىنچى ئوغۇل»لۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشىدىن باشلانغان. بىراق، چىڭگىزخان بارچۇق ئار تېكىنىنى ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئوغلى ۋە كۈيئوغلى دەپ ھېسابلاش بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سالاھىيىتىگە يۇقىرى ئورۇن بەرگەن. بۇ ھال مەزكۇر خاندانلىقنىڭ داۋاملىق ئۆز دۆلەتچىلىكىنى غەيرى رەسمىي مۇستەقىل ھالدا ساقلاپ تۇرۇشىغا ئاساس بولغان ئىدى. بارچۇق ئار تېكىن مەخسۇس قوشۇن چىقىرىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا

جايلارغا قاراتقان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

بارچۇق ئارت تېكىن دەۋرىدە ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە تەشكىلاتىغا ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان ئائىلىسى ۋە باشقا موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازى بولۇپ، ئۇلارغا يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگەتتى. موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن - پەرمانلارنى يېزىپ تارقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۆگەندى. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ئۇيغۇرلارنى يېتەكچى ۋە مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىغا سالدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئايرىم - ئايرىم خاندانلىقلارنى قۇرغاندا، ھەتتا بېيجىڭنى پايتەخت قىلغان يۈەن سۇلالىسىدىمۇ قۇبلاي خان ئۇيغۇرلارغا زور ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى موڭغۇللاردىن كېيىنكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تەبىقىگە مەنسۇپ قىلىپ، يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە قىلدى. كۆپلىگەن جايلارغا ئۇيغۇرلاردىن ۋالىيلارنى قويدى. ھەتتا دۆلەتنىڭ مەركىزىي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئىشلىدى. ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ رولىغا ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئالىملىرى ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى.

يۈەن ئوردىسى ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ هوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىدە دائىم بىتەرەپتە تۇرۇش سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن چاغاتاي، ئۆكتاي ئەۋلادلىرى بىلەن تولۇي ئەۋلادلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا هەر ئىككىلا تەرەپ، قوچۇ خانلىقىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئىنتىلگەن ئىدى.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىلى هەققىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىككى خىل قاراش بولۇپ، بىرى مىلادىيە 1277 ـ يىلى، يەنە بىرى 1363 ـ يىلى يىقىلغان دېگەن كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ زېمىن دائىرىسى قانچىلىك كەڭ بولغان؟

A. 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ( )
B. 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ( )

C. 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ( )
D. 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ( )

2. سوئال: تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدە قايسى دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولغان؟

A. بۇددىزم، مانىخېيىزم، نېستورىئان ۋە ئىسلام دىنى ( )
B. بۇددىزم، داۋىزم، نېستورىئان ۋە ئىسلام دىنى ( )
C. بۇددىزم، مانىخېيىزم، شامانىزم ۋە ئىسلام دىنى ( )
D. بۇددىزم، مانىخېيىزم، نېستورىئان ۋە ئەزىدى دىنى ( )

3. سوئال: مەھمۇد قەشقەرىي تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قانچە شەھىرى بارلىقىنى كۆرسەتكەن؟

A. 3 شەھەر ( )
B. 4 شەھەر ( )
C. 5 شەھەر ( )
D. 6 شەھەر ( )

4. سوئال: تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتىدە يېزا ئىگىلىكى، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقا يەنە قايسى كەسىپ تەرەققىي قىلغان؟

A. سودا ـ تىجارەت ( )
B. تۆمۈرچىلىك ( )
C. رەسساملىق ( )

D. توقۇمىچىلىق ( )

5. سوئال: تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتى قايسى يېزىق ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى ياراتقان؟

A. تىبەت يېزىقى ( )
B. خىتاي يېزىقى ( )
C. پارس يېزىقى ( )
D. سوغدى يېزىقى ( )

6. سوئال: تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىتا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

A. ئىقتىسادى ناچار، كەمبەغەللەر كۆپ ئىدى ( )
B. ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، كەمبەغەلچىلىك يوق ( )
C. قىشلىق زىرائەت تېرىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ( )
D. ئىقتىسادى ئوتتۇرھال، يېمەك - ئىچمەك يېتەرلىك بولمىغان ( )

7. سوئال: تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىدە كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلى قايسى؟

A. يازما ئەدەبىيات تەرەققىي قىلغان، كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، قانۇنلىرى بار ( )
B. شەھەر مەدەنىيىتى يېتەرسىز، كۆچمەنچىلىك مەدەنىيىتى ئاساس ئىدى ( )
C. ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن سىرت سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ

ئىجاد قىلىنغان ( )
D. ناخشا ـ مۇزىكا گۈللەنگەن، كىشىلەر سەيلىدە مۇزىكا سازلىرىنى ئېلىپ يۈرگەن ( )

8. سوئال: تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇنغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى كۆرسىتىڭ.

A. 1209 ـ يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىشى بىلەن ( )
B. 1219 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي ھۇجۇمىدىن قورقۇپ تەسلىم بولۇشى بىلەن ( )
C. 1269 ـ يىلى چىڭگىزخان ئەۋلادى قۇبىلاي خانغا بويسۇنۇشى بىلەن ( )
D. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بويسۇندى ( )

9. سوئال: ئىدىقۇت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بولغان سىياسىي پوزىتسىيىسى قانداق ئىدى؟

A. تولۇق ئىتائەت قىلىش پوزىتسىيىسى ( )
B. ئۇلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىدە بىتەرەپتە تۇرۇش سىياستى ( )
C. ئىدىقۇت سىياسەتتە چېكىنىش، قاتتىق قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى ( )
D. ئىدىقۇت چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن


ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۇرۇش قىلدى ( )

10. سوئال: تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتى قاچان يىقىلغان؟

A. مىلادىيە 1277 ـ يىلى ( )
B. مىلادىيە 1363 ـ يىلى ( )
C. مىلادىيە 1227 ـ يىلى ( )
D. مىلادىيە 1330 ـ يىلى ( )

## گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى

(9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1028 ـ يىلىغىچە)



مىلادىيە 840 ـ يىلىدىكى چوڭ كۆچۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئازراق بىر تارمىقى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايوندا بۇرۇندىنلا ماكانلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلەشتى.

خېشى كارىدورى ئەزەلدىن ھۇنلار ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر قاتارلىق كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ماكانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپتە مىلادىيە 632 ـ يىلى بىر قىتىم خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ ۋە لياڭجۇ رايونىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقى ئېنىق. شۇ قېتىملىق كۆچۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ چەبىش قەبىلىسىدىن 6000 مىڭ تۈتۈن، يەنى تەخمىنەن

30 ـ 40 مىڭ ئادەم مۇشۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن. دېمەك، 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى كۆچۈشتە بىر تارماقنىڭ ئۇدۇل خېشى كارىدورىدىكى جايلارغا كېلىشى بۇ يەردە ئەسلىدىنلا بار بولغان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىششتىن ئىبارەتتۇر. بۇ چاغدا مەزكۇر جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دەسلەپتە مەزكۇر رايوننى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىۋالغان تۈبۈتلەر (تىبەتلەر) گە بەيئەت قىلدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ختاي (خەنزۇ) مىللىتارىستى جاڭ يىچاۋ تۈبۈتلەرنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇ جاينىڭ قىسقا ۋاقىتلىق يەرلىك ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلار قەدەممۇ ـ قەدەم كۈچىيىپ، ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، خېشى رايونىدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى.

بۇ ئۇيغۇرلار ختايچە مەنبەلەردە «خېشى ئۇيغۇرلىرى» ۋە ياكى «گەنجو ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاغانى گەنجۇ شەھرىنى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن «گەنجو ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر رايوندا قۇرغان دۆلتى ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن «گەنجو ئۇيغۇر دۆلتى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخچىسى تۇرغۇن ئالماس «كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتىغان.

مەزكـۇر ئۇيغـۇر دۆلىتــى ھەققــىدە ئۇيغۇرچــە ۋە باشــقا تىللاردىكــى مەنبەلــەر يــوق دېيەرلىــك، پەقــەت خىتايچــە مەنبەلــەردىلا ئــۇلار ھەققــىدە بىــر قــەدەر كــۆپ ئۇچــۇرلار قالدۇرۇلغــان بولــۇپ، شــۇ ئارقىلىــق مەزكــۇر خانىدانلىقنىــڭ پائالىيەتلىــرى ھەققــىدە يېتەرلىــك بولمىســىمۇ، مەلــۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

خېشــى ئۇيغۇرلىرىنىــڭ تارقالغــان جايلىــرى ناھايىتــى كەڭــرى بولۇپ، گەنجۇنــى (ھازىرقــى گەنسۇنىڭ جاڭيــې رايونــى) مەركــەز قىلغــان ئۇيغــۇرلار ســان جەھەتتىــن كــۆپ بولغانلىقــى ئۈچــۈن گەنجــۇ مەركەزگــە ئايلانغــان ئــىدى. ئۇيغــۇرلار گەنجۇنــى مەركــەز قىلغــان ھالــدا غەربتــە گەنجۇدىــن باشــقا يەنــە سۇجــۇ (ھازىرقــى جۇچــۈەن)، گۇاجــوۋ، (ھازىرقــى ئەنشــى)، شــاجۇ (ھازىرقــى دۇڭخــۇاڭ)، شــەرقىي جەنۇبىــي تەرەپتــە لياڭجــۇ (ھازىرقــى ۋۇۋېــي)، لەنجــۇ ( ھازىرقــى لەنجــۇ شــەھىرى)، چىنجــۇ (ھازىرقــى تيەنشــۈي)، شــەرقىي شــىمالدا خېلەنشــەن تېغــى (نىڭشــىيا چېگرىســىدا)، غەربىــي شــىمالدا ھازىرقــى ئېجىنــا دەرياســىغىچە بولغــان جــايلاردا ياشــىدى. ئۇيغــۇرلار تارقالغــان جايلارنىــڭ ھەممىســىدە ئۇيغۇرلارنىــڭ ھۆكۈمرانلىقــى ئورنىتىلغــان بولــۇپ، گەنجــۇ شــەھىرى ئۇيغــۇر قاغانــى ئورۇنلاشــقان جــاي ئــىدى. ئۇلارنىــڭ ھەممىســى ئەمەلىيەتتە گەنجۇدىكى ئۇيغۇر قاغانىغا بويسۇناتتى.

ئۇيغۇرلارنىــڭ خېشــى كارىدورىنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان جــايلاردا ئىگىلىگــەن زېمىنــى پەيدىــن - پــەي كېڭەيگــەن

بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ ئەلچىسى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىنىڭ شەرقتە خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىن تارتىپ، غەربتە قارلىق تاغقىچە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بىر قانچە يۈز چوڭ - كىچىك ئايماقلار ۋە كەنتلەر بارلىقىنى مەلۇم قىلغان.

10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ، 300 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار خېشى رايونىدىكى كۆپ سانلىق خەلققە ئايلانغان ئىدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قۇدرەت تاپقاندا، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىلىرىدىن، غەربتە دۇنخۇاڭغىچە، جەنۇبتا چوغاي (چىلەنشەن) تاغلىرىغىچە، شىمالدا گوبى قۇملۇقىغىچە بولغان جايلارغا كېڭەيگەن بولۇپ، بۇ بىپايان زېمىنلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ئىدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى ھەققىدە ھەر خىل قاراش بار. بەزىلەر بۇ خانلىقنى 840 - يىلى پانتېكىن قۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە يەنە، مەزكۇر خانلىق مىلادىيە 884 يىلىدىن ئىلگىرى ياكى 872 - يىلى ۋە ياكى 884 - 887 - يىللىرى ئارىسىدا قۇرۇلدى دەيدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىلادىيە 895 يىلىدىن 900 - يىللىرى ئارىسىدا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلارمۇ مەۋجۇت.

يەنە بەزىلەر مەزكۇر يىل كۆرسەتمىلىرىنى ئىشلەتمەي،

خانلىقىنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر كۆز قاراشتىكىلەر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا داۋاملىق شەرق ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خېشى كارىدورى رايونىدىكى بىردىنبىر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانلىقى، ئۇنىڭ تەركىبىدە تۈبۈتلەر (تىبەتلەر)، تاڭغۇتلار ۋە خەنلەر ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، گەنسۇدىكى بۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق. ئەمما، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تاڭغۇتلار قەدەممۇ ـ قەدەم كۈچىيىپ، خېشى رايونىنى ئۇيغۇرلاردىن تالىشىشقا كىرىشتى. گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى مىلادىيە 1001 ـ يىلى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھەربىي ـ سىياسىي ئىتتىپاقچى تېپىش مەقسىتىدە شىمالىي سۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلىكتە تاڭغۇتلار قارشى تۇرۇشقا پۈتۈشتى.



ئۇيغۇر دۆلىتى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئۈستىگە

جايلاشقان بولۇپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ بارلىق سودا ـ ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشى ئەنە شۇ خىشى كارىدورى ئارقىلىق ئۆتەتتى. بۇ مۇھىم ئۆتكەل ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلارغا زور ئىقتىسادىي پايدا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇڭا بۇ يولنى ئىگىلەشكە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تاڭغۇتلارمۇ ئالاھىدە قىزىقىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى.



ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش 30 يىل داۋاملاشقان بولۇپ، گاھىدا ئۇيغۇرلار غەلىبە قىلسا، گاھىدا تاڭغۇتلار غەلىبە قىلدى. مىلادىيە 1028 ـ يىلى تاڭغۇتلار گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى گەنجۇ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتتى. ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك قىرغىن قىلىشقا ئۇچرىغان بولۇپ، ھايات قالغان ئۇيغۇرلار چېچىلىپ كەتتى ۋە تاڭغۇتلارغا تەۋە بولۇپ ياشىدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى خىشى رايونىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدەممۇ ـ قەدەم تاڭغۇتلار ۋە تۈبۈتلەر (تىبەتلەر) ئارىسىغا سىڭىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقاردى. ئەگەردە بۇ خانىدانلىق يەنە ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا، خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى، كۆپىيىشى، گۈللىنىشى ۋە بۇ زېمىن قۇمۇل ـ تۇرپان تەۋەسى بىلەن تۇتىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

خېشى كارىدورى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى باشتا مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، كېيىن قەدەممۇ ـ قەدەم مەزكۇر رايونىدىكى ھۆكۈمران دىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇددىزم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادىغا ئايلاندى. مانا بۇ تەرەپلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تاڭغۇتلار، تۈبۈتلەر ۋە باشقىلارغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى.

خېشى رايونىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ھازىرقى يۈگۈلار، يەنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىدۇر.

گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلتى بىلەن تۇرپاننى بازا قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدا ئالاقىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، مەزكۇر ئىككى خانىدانلىقنى قۇرغۇچىلار ئارىسىدا تۇغقانچىلىق ۋە ئۇرۇق مۇناسىۋەتلىرى بار. ئەمما، ئىككىسىنىڭ ئارىسى يىراق، ئارىلىقنى بىپايان چۆللۈكلەر ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، تۇرپان ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغان ئۈچ دۆلىتىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خانىدانلىق مەزكۇر ئۈچ دۆلەت ئىچىدە ئەڭ قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قايسى ئەسىردە قۇرۇلغان؟

A. 8 ـ ئەسىر ( )
B. 9 ـ ئەسىر ( )
C. 10 ـ ئەسىر ( )
D. 11 ـ ئەسىر ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسى شەھەر گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى؟

A. خوتەن ( )
B. قەشقەر ( )
C. گەنجۇ ( )

D. تۇرپان ( )

3. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى قەيەرگىچە سوزۇلغان ئىدى؟

A. شەرقتە خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىن، غەربتە قارلىق تاغقىچە ( )
B. شەرقتە تىيانشاندىن، غەربتە پامىرغىچە ( )
C. شىمالدا ئالتايدىن، جەنۇبتا تەكلىماكانغىچە ( )
D. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ( )

4. سوئال: 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى قانچىگە يەتكەن؟

A. 100 مىڭ ( )
B. 200 مىڭ ( )
C. 300 مىڭ ( )
D. 500 مىڭ ( )

5. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار ئاساسەن قايسى تىلدىكى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن؟

A. ئۇيغۇرچە ( )
B. تۈركچە ( )
C. خىتايچە ( )
D. پارسچە ( )

6. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا قايسى قاراش كۆپرەك ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

A. مىلادىيە 840 ـ يىلى ( )
B. مىلادىيە 884 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ياكى 872 ـ يىلى ( )
C. مىلادىيە 884 ـ 887 ـ يىللىرى ئارىسىدا ( )
D. مىلادىيە 895 ـ 900 ـ يىللىرى ئارىسىدا ( )

7. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قايسى دۆلەت تەرىپىدىن يوقىتىلغان؟

A. سۇڭ سۇلالىسى ( )
B. تاڭغۇتلار ( )
C. تۈبۈتلەر ( )
D. خەنلەر ( )

8. سوئال: تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر قاتارىدىن ئەمەس؟

A. يىپەك يولىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمى ( )
B. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش ( )
C. تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ياردەم بېرەلمىگەنلىكى ( )
D. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاڭغۇتلارغا بېقىندى بولۇپ

ياشغانلىقى ( )

9. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يىمرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولغان؟

A. ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىنغان ۋە چېچىلىپ كەتكەن ( )
B. ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا مەملىكەت قۇرغان ( )
C. ئۇيغۇرلار گۈللەنگەن ۋە روناق تاپقان ( )
D. ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەتكەن ( )

10. سوئال: گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن قۇرغان قانچە دۆلەتنىڭ بىرى؟

A. بىر دۆلەتنىڭ ( )
B. ئىككى دۆلەتنىڭ ( )
C. ئۈچ دۆلەتنىڭ ( )
D. تۆت دۆلەتنىڭ ( )

100

# ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان

102

# ئىسلام ۋە شەرقىي تۈركىستان

خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىق ئاھالىسى تۈركلەردىن تەركىب تاپقان خۇراسان دىيارىنى قولغا ئالغان ۋە ئۇ يەرنى قارارگاھ قىلىپ، شەرق تەرەپكە ئىلگىرىلەشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار كېيىن بەلخ ۋە ھىرات شەھەرلىرىنىمۇ ئىگىلەپ، ئامۇ دەرياسىغا قەدەر ئىلگىرىلىدى. خۇراسان مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە تۈركىستان دىيارلىرىغا يۈرۈش قىلىشتىكى ھەربىي بازىغا ئايلاندى. كۇفە ۋە بەسرەلىك ئەرەب مۇھاجىرلىرىدىن 50 مىڭغا يېقىن كىشى خۇراسانغا يەرلەشتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇلار پۈرسەت كۈتۈپ جەڭگە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق تۇرغان پەيتتە ئۇلارنىڭ



تەلىيگە مۇسۇلمان تۈركىستان پادىشاھلىرى بىلەن ئەمىرلىرى ئارىسىدا كۈرەش باشلاندى. ئەرەب مۇسۇلمانلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھر دىيارلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىم باشلانغان جەڭ خەلىپە ئابدۇلمەلىك دەۋرىگە قەدەر داۋاملاشتى. ئابدۇلمەلىك خىلافەت تەختىگە ئولتۇرۇپلا تۈركىستاننى پەتھ قىلىشقا تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ، دەسلەپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. چۈنكى، تۈركلەر بار كۈچى بىلەن دۆلىتىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى مۇداپىئە قىلدى. ھەتتا ئۇلار بىر قېتىم ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بولغان ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنى دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە قوغلاپ باردى.

خەلىپە ئابدۇلمەلىك ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفىينى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەندە، تۈركلەر بىلەن ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭ باشلانغان ئىدى. ھەججاج تۈركىستاننى پەتھ قىلىش ئۈچۈن مەشھۇر قوماندانلىرىنى ئەۋەتتى. لېكىن، ھەججاج ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھىجرىيە 86 ـ يىلى مەشھۇر ئىسلام قەھرىمانى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم باھلىينى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

قۇتەيبە خۇراسانغا يېتىپ بېرىپلا قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، رەتكە سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، زور بىر قوشۇننى باشلاپ جىھادقا ئاتلاندى. ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى مەرۋەدىكى ئەڭ ماھىر قوماندان ئىياس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە تاپشۇردى. ئوسمان ئىبنى سەئدىينى خەراج

ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. ئاندىن ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسمىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ لەشكىرىي يۈرۈش ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇلاردىن بەزىسى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىغا جەڭ ئارقىلىق تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەسلىم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى. يەنە بەزىسى باتۇرلارچە ئېلىشىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى.



شۇنداق قىلىپ، شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. 12 يىل ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بۇ قانلىق جەڭلەردە ئاخىر مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ زېمىندا ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. نىھايەت، ئىسلام شەرقىي تۈركىستاندىكى قەشقەر دىيارىغىچە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىسلام دىنىنى پۈتۈن يېزا - قىشلاقلىرىدا جان - دىل

بىلەن تارقىتىشقا باشلىدى.

تۈركىستانلىقلار بۇ يېڭى دىنىنىڭ ھەمكارلىق، مېھىر ـ شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ۋە باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى، چوڭ ـ كىچىك، باي ـ كەمبەغەل، ئەمەلدار ـ پۇقرا دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە ئوخشاش ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئەرەبنى ئەجەملەردىن (ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرنى دېمەكچى) ئارتۇق كۆرمەيدىغانلىقىنى كۆردى. ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ زېمىنلارغا پەقەت غەنىيمەت ئېلىپ، زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن، ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدە چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكى، ئەكسىچە تەۋھىد ئەقىدىسىنى تارقىتىش، بەندىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە قايتۇرۇش، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى تۈركلەرگە ئايان بولدى.

ناۋادا بىرەر تۈرك بىرەر ئەقىدىگە ئىمان ئېيتسا ياكى توغرا دەپ قارىسا، ئۇنى ئىككىلەنمەستىن بار كۈچى بىلەن مۇداپىئە قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن، بىز تۈركلەرنىڭ ئەرەب مۇسۇلمانلىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشقاندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئىنتايىن چىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، ھېچبىر قەۋم يېڭى بىر دىنىنى مەزكۇر دىنىنىڭ بەزى مەنسۇپلىرىنى كۆرۈپلا قوبۇل قىلىپ كەتمەيدۇ. دەسلەپتە ھەركىم ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئايرىلغان چاغدىلا بىر مىللەتنىڭ ھەقىقەتلەرنى قەدىرلەيدىغان ـ قەدىرلىمەيدىغانلىقىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، تۈركىستان تۈركلىرى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلامغا كىردى، قۇچاقلىرىنى كەڭ ئاچتى، ئالالھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. ئۇلار دىنىي كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ روشەن ھەم كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلىرىنى، ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى، تەسىرلىك پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ۋە مول مەزمۇنلۇق ھېكمەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سالالايدىغانلىقىغا، روھىيىتىنى ئىسلاھ قىلالايدىغانلىقىغا، خەلقىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئەقلىگە ئۇيغۇن، خاراكتېرىگە ماس دىن ئىكەنلىكىگە ۋە ئادىمگەرچىلىك، باراۋەرلىك، بەخت ـ سائادەت دىنى ئىكەنلىكىگە ھەمدە پۈتۈن دىنلارنىڭ تاجى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتكەندىن كېيىن، يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئىسلامغا يۈزلەندى.

تۈركلەر ئاباسىيلار دەۋرىدە ئىنتايىن مۇھىم مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچىدە نوپۇز تىكلەشكە تۇتۇش قىلدى. نەتىجىدە دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز يۈرۈشمەيدىغان ھالغا كەلدى. ھەتتا ۋەزىرلەر ۋە ۋەكىللەرنىڭ كۆپ قىسمى، ھەتتا قوماندانلارمۇ تۈركىستانلىقلاردىن تاللىناتتى. خەلىپىلەر



ئۇلارنى تولىمۇ ياقتۇراتتى ۋە لايىقىدا قەدىرلەيتتى، شائىر ۋە ئۆلىمالارنىڭ تولىسى ئۇلارنى مەدھىيەلەيتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرى ھەققىدە مەخسۇس رىسالىلەرنى يازغان ئىدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قولىغا ئالغان تۈرك دىيارى قايسى؟

A. مەككە دىيارى ( )
B. يەمەن دىيارى ( )

C. خۇراسان دىيارى ( )
D. شام دىيارى ( )

2. سوئال: ئەرەب مۇسۇلمانلىرى مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن قاچان شىددەتلىك جەڭ قىلغان؟

A. خەلىپە ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ( )
B. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ( )
C. خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ( )
D. خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ( )

3. سوئال: خەلىپە ئابدۇلمەلىك ھىجرىيە قايسى يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم باھىلىينى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن؟

A. ھىجرىيە 66 ـ يىلى ( )
B. ھىجرىيە 76 ـ يىلى ( )
C. ھىجرىيە 86 ـ يىلى ( )
D. ھىجرىيە 96 ـ يىلى ( )

4. سوئال: ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان جىڭى قانچە يىل داۋاملاشقان؟

A. 2 يىل ( )
B. 5 يىل ( )
C. 8 يىل ( )

D. 12 يىل ( )

5. سوئال: تۈركلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىش بولغان؟

A. ئىسلامغا قارشى تۇرغان ( )
B. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمرلىرىگە سەل قارىغان ( )
C. قۇرئان كەرىمنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئىنتايىن چىڭ ئېسىلغان ( )
D. ئىسلامنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ( )

## تۈركلەرنىڭ ئىسلام تارقىتىشتىكى تىرىشچانلىقلىرى

بۈيۈك تۈركىستاننىڭ غەربىي رايونلىرىدا قۇرۇلغان سامانىيلار دۆلىتى ۋە شەرق تەرىپىدە ئوتتۇرىغا چىققان خاقانىيلار دۆلىتى تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلامنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. نەتىجىدە تۈركلەر توپ ۋە يەككە ھالدا ئاللاھنىڭ دىنىغا كىردى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە سىر دەرياسىنىڭ شەرقى بىلەن قەشقەر تەرەپلەردە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئوغۇز ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى.



مىلادىيە 960 ـ يىلى تاشكەنت بىلەن فاراب ئارىسىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن 200 مىڭ ئائىلە بىر كۈندىلا مۇسۇلمان بولدى. ھەر ئائىلىدە بەشتىن نوپۇس بار دەپ پەرەز قىلساقمۇ، بۇ قېتىم مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن بىر مىليونغا يېتەتتى. ھىجرىيە 435 ـ يىلىمۇ بالاساغۇن ۋە قەشقەر ئاھالىلىرىدىن بولۇپ، بىر قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتىلا جەمئىي 10 مىڭ ئائىلە مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن 20 مىڭ تۇياق قوي قۇربانلىق قىلغان ئىدى.

خاقانىيلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلدى. ھەتتا پۈتۈن تۈركىستاندىكى تۈركلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلماس ھالغا كەلدى.

تۈركلەر مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئابرۇيلۇق، شانۇشەۋكەتلىك، سەلتەنەتلىك، قەدىم مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېتىقادىدىن كېيىنمۇ ئىسلام ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلىشى نورمال ئىش ئىدى. تۈركىستان تۈركلىرى ئىمان ئېيتىپ، ئىمان قەلبلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان ھامان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىسلامنى تەرەپ ـ تەرەپكە تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن غالىب جەڭچىلەرنى ۋە زېمىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.



تۈركىستانلىقلار گويا جىھاد ئۈچۈن يارىتىلغاندەكلا خەلق ئىدى. دەرۋەقە، جىھاد دىنى مەيدانىغا كېلىۋىدى، ئۇلار خۇددى ھاياتىدىكى ئەڭ يۈكسەك غايە ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئېرىشكەندەك روھلىنىپ كېتىشتى، قەلبلىرى ئىسلام بىلەن لەرزىگە كەلدى، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇلار ئىچكى - تاشقى ھەممە جەھەتتىن مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، شەكىلۋازلىققا بېرىلمەيتتى. قەلبلىرىگە قۇرئان نۇرى سىڭگەن، روھلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ئىش - ئىزلىرى بىلەن ئوزۇقلانغان ئىدى. ئولتۇرسا - قوپسا دىنىي ئىبادەتلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ قىبلىگاھى قىلغان ئىدى. ئىسلامغا بولغان بۇ ئاشىنالىق ئۇلارنى باشقىلارنىمۇ ئىسلامغا چاقىرىشقا ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا يېتەكلەشكە ئۈندىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى

ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1] دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلغان هالدا، بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن هەسسە قوشتى.

ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئۆز يۇرتىغىلا چەكلىنىپ قالماي، قوشنا ئەللەرگىمۇ كېڭەيدى. جۈملىدىن، تىبەت خەلقىنىمۇ ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىبەت ئاهالىسىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن ئۇلار موڭغۇلىيەلىك موڭغۇل قېرىنداشلىرى ئارىسىدىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقاتتى. يەنە شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان چىن شەهەرلىرىگىمۇ بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئىسلامىي تەشۋىقاتلارنى قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چىنلىقلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. شۇڭلاشقا، چىنىنىڭ تۈركىستان بىلەن چېگرالاشقان شەهەرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ رايونلار ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بىز بۇنىڭغا «مۇسۇلمان»نى ئۇقتۇرىدىغان ۋە چىن تىلىدىمۇ شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «خۇي - خۇي» سۆزىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك كۇپايە. چىنلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ سۆز «ئۇيغۇر» كەلىمىسىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئۇيغۇر» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ كۆپ تۈتۈن سانىغا ئىگە بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامىدۇر.

1. سۈرە ئال ئىمران، 104 - ئايەت.

مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى مۇشۇ ساھەگىلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇلار ئىسلام بايرىقىنى بۇلغار تۈرك قېرىنداشلىرى ۋە ۋولگا دەرياسى (ئىدىل دەرياسى) ساھىللىرى ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىدىمۇ ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتتى. ئۇلار شىمالدىكى شەھەر ۋە دۆلەتلەردىن بارالىغانلىكى جايدا ئىسلامنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى. مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن توختىماي ئىلگىرىلەپ، شەرقىي ياۋروپاغا قەدەر يېتىپ باردى.

ئىسلام قۇرئان ۋە سۈننىتى بىلەن تۈركىستان دىيارلىرىدا يەرلىشىپ، تۈركىستان ئوغلانلىرىنىڭ قەلبلىرىدىن ئىلاھىي نۇر بالقىپ چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئۇلار ئىسلامنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئىسلام ھەققىدە ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىشقا باشلىدى، ئۆز ئىچىدىن ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ بايراقدارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەڭ يۈزەكى تارىخىي مەنبەلەردىن خەۋەردار كىشىلەرمۇ، تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا قىلغان خىزمەت ۋە تۆھپىلىرىنىڭ، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا قانچىلىك كۈرەش قىلغانلىقىنى، بۇتپەرەسلەر ۋە خىرىستىيانلارغا قارشى قىلغان جەڭلىرىنى، ئىسلامنى شەرق ۋە غەربتىكى دۈشمەنلىرىدىن قانداق مۇداپىئە قىلغانلىقىنى ۋە بۇ يولدا قانچىلىك تۆھپە ياراتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى تۈركلەر ئارىسىدا قايسى رايونلاردا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى؟

A. ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ( )
B. تارىم دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ( )
C. سىر دەرياسىنىڭ شەرقى بىلەن قەشقەر تەرەپلەردە ( )
D. يەتتە سۇ دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ( )

2. سوئال: ھىجرىيە 435 ـ يىلى بىر قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتىلا جەمئىي قانچە ئائىلە مۇسۇلمان بولدى؟

A. 5 مىڭ ئائىلە ( )
B. 10 مىڭ ئائىلە ( )
C. 15 مىڭ ئائىلە ( )
D. 20 مىڭ ئائىلە ( )

3. سوئال: خاقانىيلار دۆلىتى مەۋجۇت بولغان مەزگىلدە تۈركىستاندىكى ئەھۋال قانداق بولغان؟

A. تۈركىستاندا ئىسلامدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم تېپىلمايدىغان ھالغا كەلگەن. ( )
B. تۈركىستاندا ئىسلامدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان

بىر قىسىم ئادەملەر بار ئىدى. ( )

C. خاقانىيلار دۆلىتىدە ئىسلام دىنىغا يول قويۇلمايتتى. ( )

D. خاقانىيلار دۆلىتى بۇددا دىنىنى رەسمىي دىن دەپ جاكارلىغان. ( )


4. سوئال: تۆۋەندىكى رايونلارنىڭ قايسى بىرىگە تۈركىستانلىقلار ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتمىگەن؟

A. تىبەت ( )
B. موڭغۇلىيە ( )
C. چىن ( )
D. ياپونىيە ( )

5. سوئال: شۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان مىللەت قايسى؟

A. زاڭزۇ ( )
B. خۇيزۇ ( )
C. خەنزۇ ( )
D. ئۇيغۇر ( )

# قاراخانىيلار خاندانلىقى (خاقانىيلار دۆلىتى)



ئاز بىر قىسىم مەنبەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خاقانىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە تۈزۈك مەنبە تاپالمايمىز. شۇنداقتىمۇ، بىز خاقانىيە دۆلىتىنىڭ تۇنجى ئاساس سالغۇچىسى ۋە تۇنجى مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەينى چاغدا تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان دىيارى مۇشۇ دۆلەتكە بويسۇنغان ئىدى.

بۇ دۆلەت بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئاپراسىياپ خاندانلىقى»، «تۈركىستان خاقانلىرى دۆلىتى» ياكى بىز يۇقىرىدا ئاتىغاندەك «خاقانىيە دۆلىتى» دەپمۇ تونۇلىدۇ، «قاراخانىيلار خاندانلىقى» دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. تۈرك

تارىخشۇناس دوكتۇر رىزانۇر بۇ دۆلەتنى «ئۇيغۇر دۆلتى» دەپ زىكىر قىلغان. مەھمۇد قەشقەرىي «خاقانىيە دۆلتى» دەپ ئاتىغان. ياۋروپالىقلار ئەينى زاماندىكى تەڭگە ـ تىللا ۋە ئاسارئەتىقىلەرگە ئاساسەن «ئىلىكخانىيە دۆلتى» دەپ ئاتايدۇ.

تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا بۇ دۆلەتنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ بولغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا كۆچەپ، سىر دەريا ۋادىسىدىكى پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزىنى كېڭەيتكەن ۋە سامانىيلار دۆلىتىگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىشكە باشلىغان. ئەمەلىيەتتە، سۇلتان ئىلىكخان ناسىر ماۋەرائۇننەھىر دىيارلىرىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، خۇراساننى تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، لېكىن جەڭ سۈلھى بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ دۆلەت پۈتۈن ئىشلىرىدا تۈركلەرگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئاشۇ گۈللەنگەن دەۋردە نۇرغۇن كىتابلار تۈرك تىلىدا تۈزۈپ چىقىلغان. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ، سۇلتان ئەبۇ ئەلى ھەسەن تابغاچ بۇغرا قاراخانغا ھەدىيە قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق شاھانە ئەسەر ئەنە شۇ كىتابلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ ئەسەر 6500 دىن كۆپرەك بېيىتتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتاب ئەدەبىي قىممىتىدىن سىرت، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، دۆلەتچىلىك نەزەرىيەلىرىنىمۇ

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ زامانلاردا يەنە قۇرئان كەرىم تۇنجى قېتىم تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

خاقانىيە دۆلىتى شۇنچىۋالا كاتتا دۆلەت بولۇشىغا قارىماي، دۆلەت ئەركانلىرى ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا سەۋەبلىك ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمىدى. سۇلتان يۈسۈپ قادىرخان ئۆلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە پارچىلىنىشقا باشلىدى .شۇنىڭ بىلەن سەلجۇقىي سۇلتانلىرى پايدىلانغان بۇ نىزادىن غەزنەۋىلەرمۇ پايدىلاندى. خاقان مەلىكشاھ بىلەن ئوغلى سەنجار نوپۇزىنى سەمەرقەنت ۋە قەشقەرگە قەدەر كېڭەيتكەن ئىدى. ئۆلەرنىڭ بۇ سىياسىي نوپۇزى 1141 ـ يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن، بۇتپەرەس قارا قىتان تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

## قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

840 ـ يىلىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىقىلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، 840 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق 372 يىل داۋام قىلغان. قاراخانىيلار ئۇيغۇرلار قۇرغان يەنە بىر زور خانلىق بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگە كۆل قادىرخان بولغان. دەۋرىنىڭ باشلىرىدا قارا بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە پايتەخت قەشقەرگە يۆتكەلگەن.

قاراخانىيلار خانلىقى تارىختا بۇرۇنقى تۈرك خاقانلىقلىرىنىڭ داۋامى بولغانلىقى ئۈچۈن قاراخان خانلىقى، قاغان خانلىقى، ئاپراسىياپ خانلىقى قاتارلىق ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. «قارا» سۆزى قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «بۈيۈك» ۋە «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا قاراخانىيلار ئۆزلىرىنى «قارا خان» دەپ ئاتىغان.

### قاراخانىيلار خانلىقىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش

مىلادىيە 944 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ باشچىلىقىدا ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

### قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر

قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق،



قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەن. سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر قاتار يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. بولۇپمۇ يەتتە سۇ رايونىدا بىناكارلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە بىر قاتار ھەيۋەتلىك بىنالار سېلىنغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ، ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆپلىگەن تۈركىي كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا يەرلىك تۈرك مىللەتلىرى ئۇيغۇرلاشماقتا ئىدى. قاراخانىيلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغانلىقتىن، كەڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرمۇ ئىسلاملاشقان. شۇنداقلا، پەن - مەدەنىيەتمۇ زور دەرىجىدە



تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بىر خىل مەدەنىيەت، يەنى ئۇيغۇر - ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ خانلىقتا ھۆكۈمران مىللەت ھېسابلانغان ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ يېڭى مەدەنىيەتنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان.

بۇ دەۋردە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈرك تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئىككى گىگانت ئەسەر ئەسىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ «دىۋانى ھېكمەت»، ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقائىق» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بۇ دەۋردە يېزىلغان.

قاراخانىيلار دۆلىتى دەۋرىدە «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇر

تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خانلىقتا دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىن ھېسابلانغان «ساجىيە» قاتارلىق مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ، ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئىشلەتكەن. شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلى دۆلەت تىلى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسلام مائارىپى بەرپا قىلىنغان.

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم

قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. ئۇلار يەنە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ سامانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىرلەنگەن.

قاراخانىيلار «قوش خان تۈزۈمى» (چوڭ قاغان ۋە ئىلىكخان) نى يولغا قويغان. چوڭ قاغان «ئارسلانخان» دەپ ئاتىلىپ، باش سارىيى بالاساغۇن شەھىرىدە بولغان. قوش خان بولمىش «قادىرخان» تايىس شەھىرىدە ياشىغان بولۇپ، كېيىن قەشقەر شەھىرىگە كۆچكەن.

قاراخانىيلارنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسىدا تۈرلۈك ئۇنۋانلار بەر ئالغان. مەملىكەت باشلىقى چوڭ قاغان دەپ ئاتالسا، ياردەمچى قاغانلارغا جۇمۇ قوش قاغان، بۇغراخان، ئىلىكخان، تابغاچخان قاتارلىق باشقىچە ئۇنۋانلار

قوللىنىلغان. دۆلەتنى باشقۇرۇشتا «تېكىن» (بەگ) ۋە ئىدارە قىلغۇچى ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى.

مەركەزدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

- يۇغۇرۇش (باش ۋەزىر)
- تايانغۇ ياكى ھاجىپ (يارلىق يەتكۈزگۈچى ۋەزىر)
- ئوردا باشى (ئوردا ۋەزىرى)
- سانغۇن ياكى سۇ باشى (باش قوماندان ياكى ئەمىرلەشكەر)
- ئاغچى (مالىيە ۋەزىرى)
- قوۋۇقچىباشى (ئىچكى مۇھاپىز ۋەزىرى)
- ئىلىمگەر ياكى بىتىكچى (كاتىپ)
- يالۋاچ (دۆلەتنىڭ چەتئەلدىكى ئەلچىسى)

بۇ تۈردىكى سىياسىي ۋە ئىدارىي تۈزۈم نۇرغۇن تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇنى ئۆز ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ تەرتىپ قاراخانىيلارنىڭ كۈچلۈك مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە مۇقىم ئىدارىچىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

## قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى

قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى تۈرلۈك ئۇنۋانلار بىلەن سىستېمىلىق ھالغا كەلتۈرۈلگەن. چوڭ قاغان «ئارسلانخان» دەپ ئاتىلىپ، مەركىزى بالاساغۇن شەھىرىدە؛ مۇئاۋىن قاغان «قادىرخان» دەپ ئاتىلىپ، ئاۋۋال تاراز شەھىرىدە، كېيىن قەشقەر شەھىرىدە تۇرغان. قوش قاغان تۈزۈمى دەۋرىدە، بۇغراخان، قاراخان، تابغاچخان، ئىلىكخان قاتارلىق يۇقىرى ئۇنۋانلار قوللىنىلغان.

قاغاننىڭ ئاستىدا تېكىن، ئەركىن، سانغۇن، ئىنانچىبەگ قاتارلىق دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى. شۇنداقلا، ئالپ تېكىن، توڭا تېكىن، بۆرى تېكىن، ياغان تېكىن، چاغىر تېكىن، توغرۇل تېكىن، باھادىر، قازىرخان، قىلىچخان، بىلگە خاقان دەپ ئاتىلىدىغان شەخسلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي مەسىلىلەرنى باشقۇرغان. خاتۇن ۋە خانىشلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى رولى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتۇر.

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم

قاراخانىيلار دەۋرىدە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان. يىپەك يولى زەنجىرىدە قەشقەر ۋە بۇخارا شەھەرلىرى مەدەنىيەت، تىجارەت، مائارىپ ۋە پۇل ـ مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلانغان. قاراخانىيلار يىپەك يولى ئارقىلىق شەرق ۋە

غەربتىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ، بىلىم، سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە زاۋاللىقى

قاراخانىيلار دۆلىتى ئەڭ كۈچلەنگەن يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدىن كېيىن، 1042 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلار ۋە شەرقىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى بالاساغۇننى يازلىق پايتەخت، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلسا، غەربىي قاراخانىيلار ئۆزكەنتنى پايتەخت قىلدى. 1212 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنى خارەزىم شاھلار يوقاتقان بولسا، 1211 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قارا خىتايلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان.

### كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قاراخانىيلار خاندانلىقى قاچان قۇرۇلغان؟

A. 650 ـ يىلى ( )
B. 740 ـ يىلى ( )
C. 840 ـ يىلى ( )

D. 940 - يىلى ( )

2. سوئال: قاراخانىيلار خانىدانلىقى قانچە يىل داۋام قىلغان؟

A. 272 يىل ( )
B. 372 يىل ( )
C. 472 يىل ( )
D. 572 يىل ( )

3. سوئال: قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى كىم؟

A. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ( )
B. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( )
C. بىلگە كۆل قادىرخان ( )
D. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ( )

4. سوئال: قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەينى چاغدىكى پايتەختى قەيەر؟

A. بالاساغۇن، كېيىن قەشقەر ( )
B. سەمەرقەنت ( )
C. خوتەن ( )
D. ئاقسۇ ( )

5. سوئال: تۆۋەندىكى قايسى ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلمىغان؟

A. قۇتادغۇ بىلىك ( )
B. دىۋانى لۇغات تۈرك ( )
C. ئەتەبەتۇل ھەقائىق ( )
D. سەبقى مۇجەللى ( )

6. سوئال: قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى قايسى؟

A. بالاساغۇن ۋە تايىس ( )
B. سەمەرقەنت ۋە بۇخارا ( )
C. قەشقەر ۋە خوتەن ( )
D. بىيىجىڭ ۋە شاڭخەي ( )

7. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى كىم؟

A. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( )
B. مەھمۇد كاشغەرىي ( )
C. ئەھمەد يۈكنەكىي ( )
D. ئەھمەد يەسەۋىي ( )

8. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەت باشقۇرۇشتا قانداق سىستېما قوللىنىلغان؟

A. سۇلتانلىق تۈزۈمى ( )
B. بەگلىك تۈزۈمى ( )
C. قوش خان تۈزۈمى ( )
D. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ( )

9. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئاپتورى كىم؟

A. ئەھمەد يەسەۋىي ( )
B. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( )
C. مەھمۇد كاشغەرىي ( )
D. ئەھمەد يۈكنەكىي ( )

10. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە ساجىيە قانداق ئورۇن ئىدى؟

A. مەسچىت ( )
B. تاش تاۋۇت ( )
C. مەدرىسە ( )
D. بازار ( )

11. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە قايسى شەھەرلەر مەدەنىيەت، تىجارەت، مائارىپ ۋە پۇل ـ مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلانغان؟

A. قەشقەر ۋە بۇخارا ( )
B. بېيجىڭ ۋە شاڭخەي ( )
C. سەمەرقەنت ۋە تاشكەنت ( )
D. ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان ( )

12. سوئال: قاراخانىيلار دەۋرىدە قايسى ئىگىلىكلەر مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان؟

A. دېهقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك ( )
B. يىمەكلىك، سەنئەت، ساياھەت ۋە ئاۋىئاتسىيە ( )
C. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، ئاتچىلىق ۋە تۆگىچىلىك ( )
D. مەدەنچىلىك، نېفىت ۋە گاز ( )

13. سوئال: شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى قەيەرنى يازلىق پايتەخت، قەيەرنى قىشلىق پايتەخت قىلغان؟

A. خوتەننى يازلىق پايتەخت، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلغان ( )
B. بالاساغۇننى يازلىق پايتەخت، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلغان( )
C. سەمەرقەنتنى يازلىق پايتەخت، ئۆزكەنتنى قىشلىق پايتەخت قىلغان ( )
D. تۇرپاننى يازلىق پايتەخت، ئاقسۇنى قىشلىق پايتەخت قىلغان ( )

15. سوئال: قاراخانىيلار 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان؟

A. تەخمىنەن 250 يىل ( )
B. تەخمىنەن 150 يىل ( )
C. تەخمىنەن 350 يىل ( )
D. تەخمىنەن 450 يىل ( )

## قارا قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار




قارا قىتان خانلىقى (خىتايچە مەنبەلەردە غەربىي لياۋ دەپ ئاتالغان) قىتانلار قۇرغان قەدىمىي بىر ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇلار چىن، ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرىدە «قارا خىتاي» ياكى «قارا قىتان» دەپ ئاتالغان. قىتانلار ئەسلىدە مانجۇرىيەدىكى لياۋخې دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە كۈچ تېپىپ، بىرلىشىپ مانجۇرىيە، سەنشىي، خېبېي ۋە موڭغۇل دالاسىدا 200 يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت تۇتقان بولسىمۇ، ئاخىرىدا جۇرجىتلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن 1122 ـ يىلى پايتەختىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1124 ـ يىلى لياۋ خانلىقىنىڭ ئەزاسى يوللۇغ تاشىن

جۇرجىتلار بىلەن كېلىشەلمەي، غەربكە كۆچۈپ ئۆزىنى «خاقان» دەپ ئېلان قىلغان. ئۇ 1130 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق غەربكە يۈرۈش قىلدى، 1132 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ، خارەزم قاتارلىق دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان. شۇنداق قىلىپ، كىرماندا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، «گۇرخان» ئۇنۋانىنى ئالغان. بۇ خانلىق تارىختا «قارا قىتان خانلىقى» دەپ تونۇلغان.

قارا قىتانلار تەخمىنەن 80 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۇلارغا تەۋە ھاكىمىيەت بولۇپ، قارا قىتانلار بۇ رايونلارنى باسقاقلار ئارقىلىق باشقۇرغان.

1211 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قارا قىتانلارغا تاقابىل تۇرالماي يوقلىشقا مەھكۇم بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «خىتاي» دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ دەۋردىن قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىللارغا كىرىپ، بۈگۈنكى جۇڭگودىكى خىتايلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

## موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار

موڭغۇللار 12 ـ ئەسىردە كۆچلىنىپ چىققان يېڭى بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جايلارنى ۋە قارا قىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنى بويسۇندۇرغان. چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ، گەۋدىلىك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان.

ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشۇنى جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىنتىزامىنى نامايان



قىلىپ، موڭغۇللارغا نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەن. چىڭگىزخان قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ۋەتىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن. گەرچە موڭغۇللار قوچۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن دارغاچ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئىدىقۇتنىڭ ئورنى داۋاملىق باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمرانلاردىن يۇقىرى تۇرغان.

چىڭگىزخان قوچۇ ئىدىقۇتى بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرمەكچى بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىزلىرىنى بېرىپ سىياسىي ئىتتىپاقداشلارنى كۈچەيتىش ئادىتى داۋام قىلغان. مەسىلەن، قۇبلايخاننىڭ خوتۇنى بۇرھان بېكەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قوچۇ ئىدىقۇتى نۇرىن تېكىن باباچا بېكەگە ئىلتىجا قىلغان.



1204 ـ يىلى چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ پۈتۈكچىسى ئۇيغۇر تاتاتۇڭانى ئەسىر ئېلىپ، موڭغۇللار ئۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى

ئۇيغۇرچە بولۇپ، بارلىق پەرمانلار ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسى چاغاتاي خانلىقى، ئالتۇن ئوردا ۋە ئىلخانىلارغا پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىدارە ئىشلىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەللەردە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: قارا قىتان خانلىقىنى كىم قۇرغان؟

A. جۇرجىتلار ( )
B. يوللۇغ تاشىن ( )
C. چىڭگىزخان ( )
D. ئۇيغۇرلار ( )

2. سوئال: موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى قانداق ئۆگەنگەن؟

A. قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۆگەتكەن ( )
B. ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تۇرغۇزۇپ ئۆگەنگەن ( )
C. نايمانلارنىڭ پۈتۈكچىسى ئۇيغۇر تاتاتۇڭادىن ئۆگەنگەن ( )
D. خىتاي ساياھەتچىلىرىدىن ئۆگەنگەن ( )

3. سوئال: موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى قايسى؟

A. موڭغۇلچە ( )
B. خىتايچە ( )
C. ئۇيغۇرچە ( )
D. پارسچە ( )


4. سوئال: ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ بىرلىشىشىدە قانداق رول ئوينىغان؟

A. ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ( )
B. غەربكە يۈرۈش قىلىشلىرىغا ياردەم بېرىپ ( )
C. كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ ( )
D. ئاتلىرىنى بېقىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ ( )

5. سوئال: موڭغۇللار چاغاتاي خانلىقىغا، ئالتۇن ئوردىغا ۋە ئىلخانىلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار قانداق رول ئوينىغان؟

A. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا يۇقىرى ئەمەللەردە خىزمەت قىلغان ( )
B. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاشپەزلىك ئىشلىرىدا يېتەكچى بولغان ( )
C. بۇ دۆلەتلەر بىلەن سودا ئېلىپ بارغان ( )
D. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىدارىي ئىشلىرىدا يۇقىرى ئەمەللەردە بولغان ( )

# چاغاتاي خانلىقى




چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇستەقىل خانلىقتۇر. چاغاتاي خانلىقى مىلادىيە 1225 - يىلى چىڭگىزخان ئۆز تەۋەلىكىدىكى زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەندە قۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ماۋارائۇننەھر، سىردەريا، ئىسسىقكۆل ۋە شەرق تەرەپتىكى زېمىنلار ئايرىپ بېرىلگەن. دەسلەپكى پايتەختى غۇلجا بولغان، كېيىن ئالمالىققا يۆتكەلگەن. چاغاتاي موڭغۇل چوڭ خانىغا سادىق ئىدى، ۋارىسلىرىنى چوڭ خان تەيىنلەيتتى.

**چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ۋە بۆلۈنۈشى:**



چاغاتاي ئەۋلادلىرى موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ مۇستەقىل بولغان. 1318 ـ يىلى ھۆكۈمدار كەبەك پايتەختنى سەمەرقەنتكە يۆتكىگەن، بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىيدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان. غەربىي قىسىم سەمەرقەنتنى مەركەز قىلىپ ماۋارائۇننەھر رايونىنى، شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى مەركەز قىلىپ قەشقەر، تۇرپان تەرەپلەرنى باشقۇرغان. 1331 ـ يىلىغىچە كەبەكتىن كېيىن ئېلغىتاي، دۆلەت تېمۇر ۋە دارمەسىرىن قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

**شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:**

14 ـ ئەسىردىن باشلاپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى «موڭغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. 1348 ـ يىلى دوغلات قەبىلىسىدىن تۇغلۇق تېمۇرخان بولۇپ تىكلەنگەن. بۇ دەۋردە موڭغۇللار ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇرلۇققا يۈزلەنگەن. تۇغلۇق تېمۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى خان ئىدى ھەم ئىسلامنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. ئۇيغۇرلاردا تۇرپان ۋە قەشقەر مەدەنىيەت مەركەزلىرى شەكىللەنگەن.

**ھۆكۈم سۈرۈش مۇددىتى:**

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى 1348 ـ يىلدىن 1513 ـ يىلغىچە، يەنى 166 يىل مەۋجۇت بولغان. 1513 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ياركەنتنى پايتەخت قىلىپ بىكىتكەندىن كېيىن، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە ئۆتكەن.

خۇلاسە قىلغاندا، چاغاتاي خانلىقى دەسلەپتە موڭغۇل چوڭ خانىغا بويسۇنۇپ تۇرغان، كېيىن مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن ھەمدە شەرقىي قىسمىدا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن مۇھىم بىر تارىخىي خانلىق، يەنى سەئىدىيە خانلىقى بارلىققا كەلگەن.

# سەئىدىيە خانلىقى



ياركەنت (يەركەن) سەئىدىيە خانلىقى 1514 — 1678 ـ يىللىرى ئارىسىدا 166 يىلدىن كۆپرەك سەلتەنەت سۈرۈپ، تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى گۈللەنگەن.

1616 ـ يىلى مانجۇلار بىرلىشىپ جىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، 1644 ـ يىلى پايتەختنى بېيجىڭغا يۆتكىگەن ۋە پۈتۈن جۇڭخۇا زېمىننى بىرلەشتۈرۈشكە باشلىغان. 16 — 18 ـ ئەسىردە جۇڭغار خانلىقى كۈچىيىپ، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، 73 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. لېكىن 1696 ـ يىلدىن باشلاپ چىڭ قوشۇنلىرىدىن

مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغان. 1755 — 1759 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تۇپتىن يوقىتىپ، ئۇيغۇر دىيارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. مانجۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاساسەن ئۆزگەرتمىگەن.

مانجۇ ـ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، ئۇيغۇر زېمىنىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرۈش دائىرىسىگە كىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ئۇيغۇر زېمىنى تولۇق بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە تۇرمۇشىدا ئەمەلىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى.



بۇ ۋاقىتلاردا يەن ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ راۋاجلىنىش كۆرۈلۈپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ قوللىنىلدى. ئەدەبىيات ۋە 12 مۇقام سەنئىتى تېخىمۇ بېيىدى. خىرقىتي، زەلىلىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر ئەدىب ـ سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىمىدى. ئەكسىچە، ئېتىقاد، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات جەھەتلەردە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، دېيىشكە بولىدۇ.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى قەيەردە بولغان؟

A. سەمەرقەنت ( )
B. قەشقەر ( )
C. غۇلجا ( )
D. ئالمالىق ( )

2. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى چاغاتاي

خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ مەركىزى بولغان؟

A. سەمەرقەنت ( )
B. ماۋارائۇننەھر ( )
C. كاشغەر ( )
D. تۇرپان ( )

3. سوئال: تۇغلۇق تېمۇر قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئىدى؟

A. دوغلات ( )
B. قىرغىز ( )
C. موڭغۇل ( )
D. ئۇيغۇر ( )

4. سوئال: ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى قانچە يىل سەلتەنەت سۈرگەن؟

A. 158 يىل ( )
B. 166 يىل ( )
C. 172 يىل ( )
D. 180 يىل ( )

5. سوئال: تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر زېمىنلىرىدا كۆرۈلگەن تەرەققىياتقا كىرمەيدۇ؟

A. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئومۇملىششى ( )
B. يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ( )

C. لاتىن يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىشى ( )

D. ئەدەبىيات ۋە 12 مۇقام سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ( )

## خوجىلار دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستان

شەرقىي تۈركىستان ئىلگىرى بۈيۈك تېمۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. ئىمپېراتورلۇق پارچىلانغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئەمرلىرى بىر قىسىم شەھەرلەرنى مۇستەقىل ئىدارە قىلدى. ئۇلارنىڭ پايتەختى قەشقەر بولۇپ، بەزىدە ئاقسۇغا يۆتكەلگەن چاغلارمۇ بولغان ئىدى. چاغاتاي ئەمرلىرى دەۋرىدە ئىلىم ـ پەن، سانائەت خېلىلا تەرەققىي قىلغان، ئۆلىمالارنىڭ ئىمتىيازى ئاشقانسېرى جەمئىيەتتە دىنىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن، ئۆلىمالار ئاستا ـ ئاستا دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە سىياسىي ساھەگە كىرىشكە باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئەمرلەرنىڭ نوپۇزى ئاستا ـ ئاستا



تۆۋەنلەپ، ئاخىرىدا خاقانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقان ۋە كۈچى بارا - بارا پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي سەھنىلىرىدە «مەخدۇم ئەزەم» ئۇنۋانلىق بىرى ئۆلىمالار ئاتامانى، پەقىھلەر سەردارى دېگەن ئۇچۇرما ئاتاقلار بىلەن پەيدا بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەقىقەتەن كۆپىيىپ، سىياسەت ۋە رىياسەت ساھەلىرىدىكى نوپۇزى خاقانلارنىڭ نوپۇزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈشكە تاسلا قالدى. ئۇنىڭ خوجا ئىسھاق ۋەلى ۋە خوجا مۇھەممەد ئەمىن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئەمىن «بۈيۈك ئىمام» مەنىسىدىكى «ئىمام كالان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. دادىسى مەخدۇم ئەزەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى ئوغۇل ئارىسىدا دادىسىنىڭ ئورنىنى تالىشىپ سىياسىي نىزا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىرى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە تەرەپدارلىرىنى توپلاپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرىگە قارشى ئىككى توپ شەكىللەندى. خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەرەپدارلىرى «قارا تاغلىقلار»، خوجا مۇھەممەد ئەمىننىڭ تەرەپدارلىرى «ئاق تاغلىقلار» دەپ ئاتالدى.

ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى جېدەل تاكى سەمەرقەنتتىن ھىدايەتۇللاھ ئاپاق خوجا كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. بۇ كىشىمۇ مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئاپاق خوجا كەلگەندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار توپىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئېلىپ، سىياسىي ساھەدە ئىنتايىن كەسكىن رول

ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىسمائىلخان ئۇنى ھىجرىيە 907 ـ يىلى دۆلەتتىن پالىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئاپاق خوجا قېچىپ، تىبەت ھاكىمى بەشىنچى دالاي لامانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت سورىدى. دالاي لاما ئىلىدىكى قالماقلارنىڭ رەئىسى غالدان قۇنتەيجىگە مەكتۇپ يېزىپ، ئاپاق خوجىغا دەرھال ياردەم بېرىشنى جېكىلىدى. غالدان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپ، ئاپاق خوجىنى قوماندان قىلىپ، زور بىر قوشۇن بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار پادىشاھ ئىسمائىلخان بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ھۆكۈمەتنى قولىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1687 ـ يىلى تۈركىستاندا «خوجىلار ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى.

خوجىلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، بىر تەرەپتىن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن قالماقلار ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش ئوتى يېنىشقا باشلىدى. بۇ ئىچكى بۆلۈنۈشلەر چىنلىقلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن چىن ھۆكۈمىتى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن غايەت زور قوشۇن ئەۋەتتى. تۈركلەر چىنلىقلار بىلەن باتۇرلارچە ئۇرۇشقان بولسىمۇ، چىن لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، مەغلۇپ بولدى. 1757 ـ يىلى جاۋ خۇي قوماندانلىقىدا بېسىپ كەلگەن چىن قوشۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ

جەريانـدا ئـۇلار بـر مليونـدىن كـۆپ كـشـنـنـڭ جـېنـغـا زامـن بولدى.

چـنلـقلار جەنۇبقـا يـۈرۈش قـلـپ، تۈركلەرنـڭ شـدەتلـك قارشـلـقـغا ئۇچرغـان بولـسـمۇ غەلـبـە قـلـدى. ئـۇلار كـۇچارغـا يـېتـپ بـېرـپ شـەھەرنى مۇهاسـرىگە ئـالـدى. مۇسـۇلمانلارنـڭ قارشـلـق كـۆرسـتـشى بلەن ئۇلار چـېكـنـشكە مەجبۇر بولدى.

چـنـدىكـى بـاش قوماندانلـق شـتابـى ياردەمچـى قوشـۇن ئەۋەتكـەنـدىـن كـېـيـن چـنلـقلار كـۇچارنـى ئـشـغـال قـلـدى ۋە 10 مـڭ كـشـنى ئـۆلتـۈردى. مەلـك بۇرهانـدىنخان ۋە ئـنـسـى خوجا جاهانخان قوشـۇن تەشـكـللـەپ قارشـلـق كـۆرسـەتـتى.

چـنلـقلار ياركەنتكـە هۇجـۇم قـلـپ مەلـك بـۇرهانـدىنـخان تەرپـدىـن چـېكـنـدۈرۈلـدى. چـنـلـقلار ئـاقـسـۇغا چـېكـنـپ قوشـۇنـنى رەتلەپ قايتا هۇجۇمغا تەييارلانـدى.

چـن تـەرەپـتـن كـەلـگـەن ياردەمـلـەر بـلـەن چـنلـقلار مۇسـۇلمانلارغا بـرلا ۋاقـتـتا بـرقانـچـە تەرەپـتـن هۇجـۇم قـلـش پـۇرسـتـگـە ئـېرشـتـى. جـاۋ خـۇي قوماندانلـقـدىكـى بـر قوشـۇن قەشـقـەرگـە، فـۇدې قوماندانلـقـدىكـى يـەنـە بـر قوشـۇن ياركەنتگـە هۇجـۇم قـلـدى. شـدەتلـك جەڭلەردىـن كـېـيـن، مەلـك بۇرهانـدىنخان خوتەنگە چـېكـنـشكە مەجبۇر بولدى.

چـن ئـەسـكـەرلـرى مـەلـك بـۇرهانـدىنـخاننـى قـوغلاپ خوتەنگـچـە كـەلـدى ۋە خوجـا جاهانخاننـڭ قوشـۇنى بـلـەن

ئۇچراشتى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، چىنلىقلار غالىب كەلدى. مەلىك بۇرھانىدىنخان، خوجا جاھانخان ۋە باشقا خان جەمەتى ئەزالىرى بەدەخشانغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

لېكىن، چىن ئەسكەرلىرى ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ، مەلىك بۇرھانىدىنخان بىلەن خوجا جاھانخاننى ئەسىر ئالدى. ئۇلار قەشقەردە دارغا ئېسىلدى. مەلىك بۇرھانىدىنخاننىڭ كاللىسىنى بولسا تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ، بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، ئىمپېراتورنىڭ غەلىبىسىنى جاكارلىدى. خوجا جاھانخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ماڭغاندا مۇسۇلمانلار تارتىۋالغان ئىدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ئاپاق خوجا قايسى خانىدانلىقتىن ئىدى؟

A. مەخدۇم ئەزەم خانىدانلىقى ( )
B. يېڭىسار خانىدانلىقى ( )
C. چىڭگىز خانىدانلىقى ( )
D. ئابدۇرېشىت خانىدانلىقى ( )

2. سوئال: خوجىلار ھۆكۈمىتى قايسى يىلى قۇرۇلدى؟

A. مىلادىيە 1657 ـ يىلى ( )

B. مىلادىيە 1677 ـ يىلى ( )
C. مىلادىيە 1687 ـ يىلى ( )
D. مىلادىيە 1697 ـ يىلى ( )

3. سوئال: جاۋ خۇي قوماندانلىقىدىكى چىن قوشۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلغاندا، قانچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان؟

A. ئۈچ مىڭ كىشى ( )
B. ئون مىڭ كىشى ( )
C. يۈز مىڭ كىشى ( )
D. بىر مىليوندىن كۆپ كىشى ( )

4. سوئال: شەرقىي تۈركىستان ئىلگىرى قايسى ئىمپېراتورلۇقنىڭ بىر پارچىسى ئىدى؟

A. بۈيۈك تېمۇر ئىمپېراتورلۇقى ( )
B. بۈيۈك مىڭ ئىمپېراتورلۇقى ( )
C. بۈيۈك چىڭ ئىمپېراتورلۇقى ( )
D. بۈيۈك سۇڭ ئىمپېراتورلۇقى ( )

5. سوئال: مەلىك بۇرھانىدىنخاننىڭ كاللىسىنى قايسى جايغا ئەۋەتىپ، ئىمپېراتورنىڭ غەلىبىسى جاكارلانغان؟

A. شاڭخەي ( )
B. شىئەن ( )
C. بېيجىڭ ( )
D. گۇاڭجۇ ( )

## مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم



خوجا جاھانخانىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر ئايالى بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھېچقانداق خۇشپۇراق ئىشلەتمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن دائىم خۇشپۇراق ھىد كېلىپ تۇرىدىكەن. چىنلىقلارمۇ ئۇنى «ئەتىر پۇراقلىق مەلىكە» دېگەن مەنىدە «شاڭ بيي» دەپ ئاتىشىدىكەنتۇق. چىن ئىمپېراتورى بۇ ئايالنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، قوماندانى جاۋ خۇيغا ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، ئالاھىدە قوغدىغۇچى قوشۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەۋەتىپ بېرىش

ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. قوماندان جاۋ خۇي ئىمپېراتورنىڭ بۇيرۇقىنى مەلىك بۇرھانىددىنخان قېرىندىشى خوجا جاھانخان بىلەن بەدەخشانغا قاچقان چاغدا بەجا كەلتۈردى.

مەلىكە بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئىمپېراتور قەسىرىدە قىزغىن تەنتەنە ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىندى. لېكىن، مەلىكە ئىمپېراتورنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىمپېراتورنىڭ پۈتۈن قەسىرىنى ئەتراپىدىكى ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە قىساس ئوتى يالقۇنجايتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم ئىمپېراتور يېنىدا يوق چاغدا ئۆزىنى ئىنتايىن تەمكىن، خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشاتتى. چىرايىدىن كۆپىنچە خۇش تەبەسسۇم ۋە ئىللىقلىق كەتمەيتتى. ئەمما، ئىمپېراتورنى كۆرسىلا تەلۋىلىكى تۇتاتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر سەكرەپلا ئىمپېراتورنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سالماقچى بولۇۋېدى، ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلار ئۇنى توسۇۋالدى. مەلىكە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىمپېراتور مېنىڭ ۋەتىنىمگە تاجاۋۇز قىلدى، ئائىلەمنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. مەن ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ قويغىلى ئۇزۇن زامان بولدى. بۇ ھاياتتىن نەپرەتلىنىمەن. لېكىن، ئەھمىيەتلىك بىر ئىش قىلماي

تـۇرۇپ بـۇ جېنىمنـى بىھۇدە سـېلىپ بەرمەيمـەن. قىسـاس ۋە ئىنتىقام ئېلىشتىن باشقا ئىش مېنى خۇشال قىلالمايدۇ.

خىزمەتـكارلار مەلىكىنىـڭ قولىدىن خەنجەرنى تارتىۋالغاندا، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

ــ بۇنـداق قىلغىنىڭلارنىـڭ ھېچنېمىگـە پايدىسـى يـوق، بـۇ مېنىـڭ غايەمنـى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيـدۇ. سـىلەر قولۇمدىكـى خەنجەرنـى تارتىۋالساڭلارمۇ، قەلبىمگـە يەنە نۇرغـۇن خەنجەرلەر يوشۇرۇنغان. ئۇنى قانداقمۇ تارتىۋالارسىلەركىن؟

ئەمـا، چىـن ئىمپېراتـورى مەلىكـە نۇرئـەلا نـۇر خېنىمغـا ئىنتايىـن ياخشـى مۇئامىلـە قىلاتتـى، ئۇنىـڭ كۆڭلىنـى خـۇش قىلىـش ئۈچـۈن قولىدىـن كەلگەنىنىـڭ ھەممىنـى قىلاتتـى. ئـۇ مەلىكىنىـڭ نامـىدا بىر مەسچىت سالدۇرغان بولـۇپ، ھازىرغىچە چىـن مەسـچىتلىرى ئىچىـدە ئـەڭ كۆركـەم، ھەشـەمەتلىك مەسـچىت ھېسـابلىنىدۇ. ئىمپېراتـور يەنـە مەلىكىنىـڭ نامـىدا بىرقانچـە مەدرىسـە بىنـا قىلغـان ئىـدى. ئـۇ، مەلىكىنىـڭ يۈزىدىن چىن مۇسۇلمانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

بىـر كۈنـى ئىمپېراتـور بايـرام تەنتەنىسـى قىلىـش ئۈچـۈن مۇراسـىمغا چىقىـپ كەتتـى. ئىمپېراتورنىـڭ ئايالـى بۇ پۇرسـەتنى غەنىيمـەت بىلىـپ، مەلىكىنـى سـارايغا چاقىـردى ۋە پۈتـۈن دەرۋازىلارنـى تاقاشقا، كىـم بولۇشـىدىن قەتئىينـەزەر ھېچكىمنى كىرگۈزمەسـلىككە ئەمـر قىلغاندىـن كېيىـن، مەلىكىگـە مۇنـداق دېدى:

— سەن نېمشقا ئىمپېراتورنىڭ نىكاھىنى قوبۇل قىلمايسەن؟



مەلىكە دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— مەن پۈتۈن خورلۇققا ۋە ئەسىرلىككە سەۋر قىلىپ، 10 مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ كەلدىم. ھازىرغىچە قەلبىمدە ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. لېكىن، بۇ پۇرسەت تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خانىش مەلىكىنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىمپېراتور مۇراسىمدىن قايتىپ كەلگەندە، قەسىر دەرۋازىلىرىنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەندىشىلەندى. قەسىر ئىچىگە كىرىپ، مەلىكىنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمپېراتورنى دەرد ـ

ئەلەم بېسىۋالدى. ئىمپېراتور مەلىكىنىڭ جەسىتىنى خان جەمەتى مەلىكىلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمى بويىچە دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم تۈرك قىزلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك قەھرىمانلىق ۋە چىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تارىختا ئەڭ ئېپتىخارلىق ۋە شانلىق ئۆلگە ياراتتى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم كىمنىڭ خوتۇنى ئىدى؟

A. خوجا جاھانخان ( )
B. مەلىك بۇرھانىددىنخان ( )
C. چىن ئىمپېراتورى ( )
D. ئىمپېراتورنىڭ ئايالى ( )

2. سوئال: مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىمنى ئىمپېراتورنىڭ ئايالى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن؟

A. ئۇ ئىمپېراتورنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ( )
B. ئۇ ئىمپېراتوردىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ( )

C. ئىمپېراتور ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن ( )
D. ئۇ ئىمپېراتور بىلەن ئۆيلىنىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ( )

3. سوئال: مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىمنىڭ دەپنە مۇراسىمى قانداق ئۆتكۈزۈلگەن؟

A. چىڭگىز خان جەمەتى ئۇسۇلى بويىچە دەپنە قىلىنغان ( )
B. پادىشاھلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىسلام دىنى مۇراسىمى بويىچە ( )
C. بۇددا دىنى مۇراسىمى بويىچە ( )
D. پۇقرالارمۇ قاتناشقان ئاددىي دەپنە مۇراسىمى بىلەن( )

4. سوئال: مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىم بېيجىڭغا نېمە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان؟

A. خوجا جاھانخان دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن، چىن ئىمپېراتورىنىڭ ئەمرى بىلەن ( )
B. ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېيجىڭغا بارغان ( )
C. ئىمپېراتورنىڭ ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قويغان تەلىپى بىلەن ( )
D. چىن ئىمپېراتورىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ( )

5. سوئال: ئىمپېراتور مەلىكە نۇرئەلا نۇر خېنىمنى قانداق كۆرەتتى؟

A. ئۇنى دۈشمەن سۈپىتىدە كۆرەتتى ( )
B. ئۇنى يېڭى ئايالى سۈپىتىدە خۇش قىلماقچى بولاتتى ( )
C. ئۇنىڭغا شۈبھىلىنىدىغان ئەسىر سۈپىتىدە قارايتتى ( )
D. ئۇنى خانىشىغا خىزمەتچى قىلىپ بەرگەن ئىدى ( )

160

# ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى



چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆچۈپ قالماستىن، ئەكسىچە پۈرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ ئىشغالىيەت ۋە زۇلۇملارغا باش ئەگمەيدىغانلىقى نامايان بولدى. مىلادىيە 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدە ئىنقىلاب ئوتى يالقۇنجاشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر مۇجاھىد رەھمەتۇللاھ ئاخۇن ئىدى. چىن قوماندانى بۇ ئىنقىلابنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن زور بىر قوشۇن ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا چىن قوشۇننى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتىش بىلەن

جاۋاب قايتۇردى. بۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قالتىس غەلىبە بولۇپ، چىنلىقلارنى قورقۇنچتىن تىترەتكەن، زىل ـ زىلىگە سالغان، ھەتتا كەلگۈسى ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

چىن قوماندانى يەنە شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن سان ـ ساناقسىز قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار شەھەرنى تامامەن مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇسۇلمانلارمۇ ئادىتى بويىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئانا يۇرتى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. مۇسۇلمانلارغا ھېچقانداق ياردەم كەلمىدى. جەڭ ئۇدا ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. ئاشلىق، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى ۋە قورال ـ ياراغلىرى تولۇق نەچچە ئون مىڭلىغان چىن قوشۇنى مۇسۇلمان مۇجاھىدلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىردى. شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاھالىسىنى بويسۇندۇرۇپ تۇرۇپمۇ، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، ئاقساق ـ چولاق دېمەيلا، ئومۇميۈزلۈك قەتلىئام قىلىش ئارقىلىق ئۆيلەرنى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئۇ زامانلاردا ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن ئىش بولسا كېرەك. چىنلىقلار ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. ھەتتا قوشنا شەھەرـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا پالىۋېتىش پەرمانى چىقارغان ئىدى.

## ئەمىر خوجا سالىھ ئىنقىلابى

ئەمىر خوجا سالىھ مەلىك بۇرھانىددىنخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ بەدەخشان تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، چېگرا ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئايماقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاياغ ئاستى قىلىنغان بۇ ۋەتەننىڭ قىساسكارلىرىدىن قوشۇن توپلاشقا باشلىدى. نىھايەت، تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇلار ناۋادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، چوقۇم غەلىبە قازانغۇدەك دەرىجىدە پۇختا تەييارلىق قىلدى. دەل شۇ چاغدا قارا تاغلىقلار توپىنىڭ رەھبىرى كامالىددىن خوجىنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ بىر ئىنقىلاب قوزغالدى. كامالىددىن خوجىمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىملىق ئىنقىلاب بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇلدى. خوجا سالىھمۇ دۈشمەنلىرى تەرەپكە يۈرۈش قىلالماي، چىن قوشۇننى تارمار قىلىپ، تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

## جاھانگىرخاننىڭ شەرقىي تۈركىستان تەختىگە ئولتۇرۇشى

جاھانگىرخان تۆرەم 1828 - يىلى دادىسى خوجا سالىھنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، چىنلىقلار بىلەن بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلىپ غەلىبە قازىنىپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن، چىنلىقلار قايتا ھۇجۇم قوزغاپ، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ جاھانگىرخاننى تۇتقۇن قىلدى ۋە پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، تۆمۈر قەپەسكە سولاپ، چىن پايتەختى بېيجىڭغا ئېلىپ باردى. ئاندىن تىلىنى كېسىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ شېھىت قىلدى. جاھانگىرخاننىڭ شېھىت بولۇشى خەلقنىڭ قەلبىدە ئىماننى يېڭىدىن ئويغىتىدىغان، شېھىتلارنىڭ قانلىرى بىلەن ھۆرلۈك خاتىرىسىنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان قىساس ئوتىنى قالدۇردى.

## يۈسۈپخان تۆرەم جىھادى

باتۇر پادىشاھ جاھانگىرخان شىھىت قىلىنىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆچمەس قىساس ئوتىنى كۆڭلىگە پۈككەن خەلق ئىنقىلاب قىلىشقا تەييارلاندى، لېكىن يول باشلايدىغان بىر قوماندانغا ئېھتىياجلىق ئىدى. دەل شۇ چاغدا شېھىت پادىشاھ جاھانگىرخاننىڭ قېرىندىشى يۈسۈپخان تۆرەمنىڭ يېنىغا پەرغانە تەرەپتىن ئۇلۇغ قوماندان ھەققۇلى يەكباشى ياردەم قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. ئۇلارغا ھەرقايسى شەھەر خەلقلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قوشۇن بولۇپ قېتىلدى. ئاندىن ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ باردى ۋە تۇنجى جەڭدىلا غەلىبە قازىنىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى قايتىدىن قوللىرىغا ئالدى. يەنە ئويلىمىغان يەردىن چىن قوشۇنىغا كەلگەن ياردەملەر بۇ غەلىبىنى توختىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قوشۇن بۆلۈنۈپ، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. چىنلىقلار شەھەرلەرنى ئېغىر دەرىجىدە خاراب قىلىۋەتتى، كىشىلەرنى يۈسۈپخان تۆرەمگە ياردەم بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، سوتلىماستىنلا قەتلى قىلدى.

ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئىمان چوغى تېخى

ئۆچمىگەن، ۋەتەن مۇھەببىتى سۇسلاپ قالمىغان ئىدى. بۇ ئىشلارغا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمىر يۈسۈپخاننىڭ ئوغلى ئەمىر مۇھەممەد ئەمىنخان يەتتە چوڭ ئەمىرنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە چىنلىقلارغا شىددەتلىك زەربە بەردى، ھەيۋىسىنى سۇندۇردى، يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سالدى. شۇنداق قىلىپ، 1846 - يىلى ئەمىر مۇھەممەد ئەمىنخان تۈركىستاننىڭ تەختىگە يېگىدىن ئولتۇردى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىنلا، چىنلىقلارنى تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ ھەممە يېرىدىن قوغلاشقا باشلىدى. چىنلىقلار يول بويى قېچىپ يۈرۈپ، يېگىسارغا كەلگەندە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چىن قوشۇنى قايتىدىن ھەرىكەتكە ئۆتتى. گېنېرال خەي دۈي قوماندانلىقىدا ئۈرۈمچىدىن، موڭغۇل قالماق قەبىلىلىرىدىن ۋە قارا شەھەردىن نۇرغۇنلىغان ياردەمچى قوشۇن توپلاندى. ئۇلار ھەممىسى قارا شەھەرنى مەركەز قىلىپ، شۇ يەردە ئۇچراشتى. ئاندىن يېگىسارنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەلىك يۈسۈپخان تۆرەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئاقسۇدا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. چىنلىقلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يۈسۈپخان تۆرەم ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ چىنلىقلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئىككى تەرەپ «كۆك رابات»تا ئۇچراشتى. دەسلەپكى بىر مەيدان جەڭ بولغاندىن كېيىن، سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان چىن قوشۇنى غەلىبە قىلدى. پادىشاھ يۈسۈپخان تۆرەمنىڭ قوشۇنى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چىن قوشۇنى يېگىساردىكى مۇھاسىرىدىن

قۇتۇلغان چىنلىقلاردىن ئۆزلىرىگە قوشۇلغانلىرى بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئامالسىز قالغان يوسۇپخان تۆرەم ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەرغانە تەرەپكە قاچتى. سەلدەك ئېقىپ كەلگەن چىن قوشۇنى قەشقەرگە كىرىپ، بىگۇناھ، قورالسىز خەلقنى شۇنداق ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلدىكى، ئۇ مەنزىرىنى تىلمۇ تەسۋىرلەشتىن ئاجىز كېلەتتى. ھېچقانداق تەييارلىقى يوق، قورال - ياراغسىز بىر شەھەر ئاھالىسى نەيزە، قىلىچ، زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان يۈز مىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق بىر خەلق ئىنتايىن شەپقەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق قوراللانغان بۇنداق بىر قوشۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىدى. بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسى ئامالسىز مال - مۈلكى ۋە ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ پەرغانە تەرەپكە قاچتى. قىش ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلار قارغا دۇچ كەلدى. تاغ قاپتاللىرىدىن بىردە تاغ چوققىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن قار ئېقىنىدا يۈز مىڭلىغان جان قار ئاستىدا قالدى. ئۇلار دەھشەتلىك زۇلۇم تۈپەيلى ئانا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان بېرىپ شېھىت بولدى. خارلىق ئىچىدە قۇل بولۇپ ياشاشتىن مەردلەرچە ئۆلۈشنى ئەۋزەل بىلىپ، ھۆر ھالدا جانلىرىدىن ئايرىلدى. بىراق، مۇھەممەد

ئەمىنخان پەرغانىگە راھەت، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن كەتمىگەن بولۇپ، ئەكسىچە قايتىدىن جەڭ قىلىپ، قولدىن كەتكەن شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللەش ۋە باشقا تەييارلىقلارنى قىلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىدى. ئۇ تولۇق تەييارلىنىپ، قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلدى. قەشقەردىكى قالدۇق كۈچلەر ئۇنىڭ سېپىگە قېتىلدى. مۇھەممەد ئەمىنخان چىنلىقلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن، قەشقەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئاندىن يېڭىسارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى چىن قوشۇننى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاخىر چىنلىقلارغا بېيجىڭدىن 50 مىڭ كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن كەلدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا قانلىق جەڭ بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك پاجىئەلەر تەكرارلانغاندىن كېيىن جەڭ توختىدى. مۇھەممەد ئەمىنخان يەنە پەرغانىگە قېچىپ كېتىۋالدى.

## ۋەلىخان تۆرەم جىھادى

مۇھەممەد ئەمىنخان پەرغانىگە قېچىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەمىر ۋەلىخان قوماندانلىقىدا يەنە بىر ئىنقىلاب قوزغالدى. ئۇ چىنلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ ئىشنىڭ بېشىدىلا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا چىن قوشۇنغا قايتا ھۇجۇم قىلىپ،

شىددەتلىك زەربە بەردى ۋە پۈتۈن جەڭدە غالىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە شەھەر بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ ئەل سۆيگەن پادىشاھ سۈپىتىدە تەختتە ئولتۇردى. چىنلىقلار ئۇنى پەۋقۇلئاددە چوڭ بىلەتتى، ئۇنى «قىساس شاھى» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ھىجرىيە 1273 ـ يىلى (مىلادىيە 1857 ـ يىلى) غا توغرا كېلەتتى. بۇ تارىخنى خاتىرلەش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابى بويىچە «شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى» دېگەن مەنىدىكى «مرغ بلا» دېگەن كەلىمە تاللىنىپ تارىخقا پۈتۈلدى.

چىنلىقلار قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ۋەلىخان تۆرەم قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، چىنلىقلارغا تەڭ كېلەلمەي، پەرغانىگە قېچىپ بېرىۋالدى. چىنلىقلار ئادىتى بويىچە خەلقنى شىددەتلىك باستۇرۇپ، قان تۆكۈش، كىشىلەرنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئوتتا كۆيدۈرۈپ قىيناش، سۇغا غەرق قىلىش دېگەندەك قەبىھ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1 . سوئال: ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى رەھبىرى كىم ئىدى؟

A . جاھانگىرخان تۆرەم ( )
B . ئەمىر خوجا سالىھ ( )
C . رەھمەتۇللاھ ئاخۇن ( )
D . مۇھەممەد ئەمىنخان ( )

2 . سوئال: چىنلىقلار ئۈچتۇرپاننى ئىشغال قىلغاندا قانداق ۋەھشىيلىكلەرنى قىلدى؟

A . خەلقنى ئايرىماستىن قەتلىئام قىلدى ( )
B . پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، تۆمۈر قەپەسكە سولىدى ( )
C . ئوتتا كۆيدۈردى، سۇغا غەرق قىلدى ( )
D . زورلاپ بۇددا دىنىغا كىرگۈزدى ( )

3 . سوئال: مۇھەممەد ئەمىنخان چىنلىقلار بىلەن قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى؟

A . بىر قېتىم ( )
B . ئىككى قېتىم ( )
C . ئۈچ قېتىم ( )
D . تۆت قېتىم ( )

4 . سوئال: ۋەلىخان تۆرەم قايسى يىلى «قىساس شاھى» سۈپىتىدە تەختكە ئولتۇردى؟

A . 1828 - يىلى ( )

B. 1848 ـ يىلى ( )

C. 1857 ـ يىلى ( )

D. 1865 ـ يىلى ( )

5. سوئال: چىنلىقلار جاھانگىرخاننى قانداق شېھىت قىلدى؟

A. تىلىنى كېسىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ( )

B. ئوتتا كۆيدۈرۈپ شېھىت قىلدى ( )

C. سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈردى ( )

D. بۇددا دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردى ()

172

## مۇسۇلمانلارنىڭ چىن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

ھىجرىيە 1277 ـ يىلى (مىلادىيە 1863 ـ يىلى) چىن بىلەن فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ئارىسىدا نامى ئالەمگە پۇر كەتكەن مەشھۇر بىر جەڭ يۈز بەردى، يەنى ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن قوشۇنىنى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار چىنىنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى پۇرسەت بىلىپ، يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە كۇچار، ئىلى، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەشكىللىدى. ئۇلار بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، چىنلىقلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلىۋەتتى.

## كۇچار خانلىقى ۋە غازى راشىدىنخان خوجا جىھادى

تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار چىنىڭ فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى ـ دە، مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان راشىدىنخان خوجا كۇچاردا چوڭ بىر ئىنقىلاب قوزغىدى. ئۇ

مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى ۋە ئاخىر كۇچار شەھرىنى چىنلىقلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرقايسى شەھەرلەردە «پادىشاھ» ئېلان قىلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا «سەييىد غازى راشىدىنخان خوجا» ئۇنۋانى بېرىلدى. قېرىندىشى ئىسھاق خوجا تۈركىستان قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇلار كۇچارنى مۇستەقىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۈگۈرگە يۈرۈش قىلدى. بۈگۈر ئاھالىسى ئۇلارغا ماسلىشىپ، بۈگۈرنىمۇ چىنلىقلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدى. ئارقىدىنلا كورلىلىقلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى ۋە بىرلىكتە قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. چىن ۋالىيسى قارا شەھەردىكى چىن قوشۇنىغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. ياردەمچى قوشۇن قارا شەھەردىن بىرقانچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى «ئۈششاق تال» دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، مۇسۇلمان قوشۇنى ئۇلارنى قارا شەھەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چىقتى. غازى راشىدىنخان خوجا قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاغ ئۈستىگە يەرلەشتۈردى. ئۆزى باشقا ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۆتۈش يولىدا ئۇلارنى پايلاپ تۇردى.

دۈشمەن بۇ پۇختا پىلاندىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، تۆت تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. تاغ تۆپىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئوق ئورنىغا تاغ

ئۈستىدىن تاشلارنى دومىلىتىپ، دۈشمەنلەرنى تاش بىلەن يانچىدى، جەڭ كۈن بويى داۋاملاشتى، چىنلىقلار ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىلدى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ غەلىبە ۋە روشەن پەتھ بولغان ئىدى. قارا شەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چىنلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاسىرىنى تاشلاپ، چىن قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇششاقتالغا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئارقىدىن زەربە بېرىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يېتىپ كەلگەندە چىنلىقلار ئاللىقاچان مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئۇلار جەڭ مەيدانىنىڭ چىنلىقلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىشتى. بۇ چاغدا غەلىبە تەنتەنىسى قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قوشۇنى ئۇلارغا خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاستەك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قارا شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاندىن مۇسۇلمانلار تۇرپانغا يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. چىنلىقلار ھەرقانچە قىلسىمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەممىسى گۈڭگۈرت ئامبىرىنىڭ ئۈستىگە يىغىلىپ ئوت ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پارتلاپ، پۇت ـ قوللىرى ھاۋاغا ئۇچۇپ، تاغ باغرىدىكى ئويمانلىقلارغا چۈشۈپ كەتتى.

چىنلىقلار توقسۇن، داۋانچىڭ، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق جەڭلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە

قازانغانلىقنى كۆرۈپ، بولۇشقا ئەپيۇن چېكىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى قوشنا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى زۇلۇمدىن قۇتۇلدى ۋە «سەييىد غازى راشىدىنخان ھۆكۈمىتى»نى ئېتىراپ قىلدى.

باتۇر قوماندان ئىسھاق خوجا ئەنە شۇنداق شانلىق غەلىبىلەر بىلەن كۇچار شەھىرىگە قايتىپ كەلدى ۋە مەلىك غازى راشىدىنخان خوجىنىڭ ھۆرمىتى ۋە كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. خەلقمۇ ئۇنى ئۇلۇغ نىجاتكارى، تەڭدىشى يوق قوماندانى ۋە باتۇر ئەزىمىتىنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئېلىشتى. ئاندىن قوشۇن ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا باشقا شەھەرلەرنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن غەرب تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئاقسۇنىڭ باي ناھىيەسىگە يېتىپ باردى. چىنلىقلار ئازراق قارشىلىق كۆرسىتىپلا تەسلىم بولدى. ئاندىن قوشۇن ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. تۈركىستانلىقلار بىلەن چىنلىقلار «قارا يۇلغۇن» دېگەن جايدا قاتتىق ئېلىشتى. بىرنەچچە قېتىملىق قانلىق جەڭدىن كېيىن، تۈركىستانلىقلار چىنلىقلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. چىنلىقلار قاچىدىغان جاي تاپالماي ئارقىغا چېكىنىپ، بىر يەرگە توپلىنىپ، تۇرپاندىكىگە ئوخشاش مىلتىق دورىسىغا ئوت يېقىپ، ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى.

مۇسۇلمان قوشۇنى شەھەرگە كىردى. خەلق ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. ئاندىن ئۇلار ئۈچتۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ يەردىمۇ چىنلىقلار ئازراقمۇ قارشىلىق

كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولدى. ئاندىن مۇسۇلمان قوشۇنى يەكەنگە قاراپ يول ئالدى. مۇسۇلمان قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يەكەنلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاپ بولغان ئىدى. لېكىن، دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ، مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار مەغلۇپ بولاي دەپ قالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئىسھاق خوجا قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى ۋە چىنلىقلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋېدى، چىنلىقلار مىلتىق دورىسىغا ئوت يېقىپ، ئۆزلىرىنى پارتلىتىۋالدى. ئابدۇراھمانخان خوجىمۇ يەكەن پەتھىسىدە قالتىس تۆھپە كۆرسەتكەن قوماندانلاردىن بىرى ئىدى.

## ئىلى سۇلتانلىقى




غۇلجا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان چوڭ بىر

شەھەر. غۇلجا ئاھالىسىمۇ جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئىنقىلابىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاڭلاپ، قەلبلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوتى يالقۇنجاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇلۇغ قوماندانى ئەبۇلئەلا خۇدا قۇلخانىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىنقىلاب بايرىقىنى قولغا ئالدى ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھادقا ئاتلاندى، قانلىق كۈرەشلەرنى قىلدى. نەتىجىدە پۈتۈن جۇڭغارىيە ئېلىنى بىر - بىرلەپ قولغا ئالدى.

«سولۇن» ۋە «چاقار» قاتارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا قېتىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ چىنلىقلارغا قارشى جەڭ قىلدى. مۇسۇلمان ئاياللاردىنمۇ بىر ئەترەت تەشكىللىنىپ جەڭگە قاتناشتى ۋە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، كەم ئۇچرايدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يازدى. ئاندىن ئەبۇلئەلا خۇدا قۇلخان پۈتۈن جۇڭغارىيە ئېلىنىڭ «ئەمىر»لىكىگە تەيىنلەندى. ئىسھاق خوجا ئىلى خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە جەڭگە قاتناشقان بولۇپ، جەڭنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ پەتھىسىدە ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بولدى.

# خوتەن خانلىقى




خوتەن خەلقى ھەببۇللاھ مۇپتى ھاجىمنىڭ ئوغلى ئېھسانخاننىڭ قوماندانلىقىدا ئىنقىلاب قىلغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلابتا مۇسۇلمانلار كاتتا غەلىبە قازاندى. ئۇلار سېپىل ئىچىدىكى چىنلىقلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ئىككى ئاي داۋاملاشتى. مۇھاسىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن چىنلىقلار ئۆزلىرىنى بوغۇزلىۋالدى ياكى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، يەنە بىر قىسمى تەسلىم بولدى. ئاندىن ئېھسانخان قوماندان قاراقاش، يورۇڭقاش، چىرا، كېرىيە، زاۋا، پىيالما ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قوشنا ناھىيە ۋە شەھەرلەرنى قولغا ئالدى، ئارقىدىنلا خوتەنگە پادىشاھ سايلاش ئۈچۈن بىر قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. بۇ قۇرۇلتايدا ھەممەيلەننىڭ بىردەك ئاۋازى بىلەن ئېھسانخان «پادىشاھ»

بولۇپ سايلاندى، لېكىن ئۇ ھوقۇقنى دادىسى ۋە خوتەن مۇپتىسى ھەبىبۇللاخانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىلىملىك، تەقۋادار، لاياقەتلىك، ئادالەتلىك بۇ ئۆلۈغ زاتقا بەيئەت قىلدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: غازى راشىدىنخان خوجا قايسى يىلى كۇچاردا ئىنقىلاب قوزغىغان؟

A. ھىجرىيە 1277 ـ يىلى (مىلادىيە 1863 ـ يىلى) ( )
B. ھىجرىيە 1278 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ـ يىلى) ( )
C. ھىجرىيە 1279 ـ يىلى (مىلادىيە 1865 ـ يىلى) ( )
D. ھىجرىيە 1280 ـ يىلى (مىلادىيە 1866 ـ يىلى) ( )

2. سوئال: ئىسھاق خوجا قايسى شەھەرلەرنى ئازاد قىلغان؟

A. كۇچار، قارا شەھەر، تۇرپان ( )
B. باي ناھىيەسى، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ياركەنت ( )
C. غۇلجا، ياركەنت، خوتەن ( )
D. قەشقەر، خوتەن، كۇچار ( )

3. سوئال: غۇلجىدا ئىنقىلابنىڭ قوماندانى كىم ئىدى؟

A. سەييىد غازى راشىدىنخان خوجا ( )
B. ئىسھاق خوجا ( )
C. ئەبۇلئەلا خۇدا قۇلىخان ( )
D. ھەبىببۇللاھ مۇپتى ھاجىم ( )

4. سوئال: «سولۇن» ۋە «چاقار» قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىدى؟

A. تۈرك قەبىلىلىرى ( )
B. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ( )
C. موڭغۇل قەبىلىلىرى ( )
D. چىن قەبىلىلىرى ( )

5. سوئال: خوتەنىدە پادىشاھ بولۇپ سايلانغان كىشى كىم؟

A. ھەبىببۇللاھ مۇپتى ھاجىم ( )
B. ئىبھسانخان ( )
C. ئابدۇراھمانخان خوجا ( )
D. قاراقاش ۋە يورۇڭقاش ( )

# قەشقەر خانلىقى

قەشقەر ئاھالىسى تېخىچە بىرەر ئىنقىلاب قوزغىمىغان بولسىمۇ، باشقا شەھەرلەردىكى خەلقلەر ئىنقىلاب قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، چىنلىقلار ئاچچىقىنى قەشقەر خەلقىدىن چىقارماقچى بولدى. چىن ھاكىمى ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭى شەھەردە، مۇسۇلمانلار بولسا كونا شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

بىر كېچىسى چىنلىقلار يېڭى شەھەردىن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك قەتلىئام ئېلان قىلدى ۋە ئايال بالىلاردىن بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ مۇسۇلماننى ئۆلتۈردى. ئۇلاردىن بىر كىشى شەھەر سېپىلىدىن ئۆزىنى سىرتقا



ئېتىپ، قېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شۇ ھامان تاغدىكى قىرغىز تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقلى سىدىق بەگكە ئەھۋالنى ئىنتايىن تەسىرلىك شەكىلدە خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سىدىق بەگ دەرغەزەپ بولۇپ، قىرغىز ياشلىرىنى يىغدى ۋە چىنلىقلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋۋال قەشقەر كونا شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئاندىن سېپىلغا يامىشىپ، شەھەر ئىچىگە كىردى ۋە چىنلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنتىقامىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «قەشقەر پادىشاھلىقى»غا سايلاندى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى، كۇچار، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلىرىدا تۆت يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى چىن مۇسۇلمانلىرى بولغان تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم شەھەرلەرمۇ تېخىچە چىنلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتاتتى.

## بۈزرۈكخان تۆرەمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەلىبە ـ نۇسرەتلەر گەرچە كىشىنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال قىلسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆلۈنۈش، ئۇششاق ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ داۋاملىق چىنلىقلارنىڭ قولىدا



تۇرۇپ قېلىشى يەنىلا بەزى يۇرت چوڭلىرىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالغان ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرىدىن بىرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش بىلەنلا ئىشقا ئاشاتتى.

مەلىك جاھانگىرخاننىڭ ئوغلى ئەمىر بۈزرۈكخان تۆرەم ھەزرەتلىرى پەرغانىدىكى ئەمىر ئالىمقۇلنىڭ يېنىدا مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. قەشقەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى سىدىق بەگ باشلىق ھەرقايسى يۇرت چوڭلىرى ۋە ئۇششاق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەمىر بۈزرۈكخاننى چاقىرىپ، ئۇنى دادىسى مەلىك جاھانگىرخاننىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگ پەرغانە رەئىسى ۋە باش ۋەزىرى ئالىمقۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان بۈزرۈكخاننى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئالىمقۇل بۇ تەلەپكە بىنائەن بۈزرۈكخاننى ئۆز شەھىرىگە يولغا سالدى.

بۈزرۈكخان ملادىيە 1863 ـ يىلى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، خەلق ئۇنى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىپ، پادىشاھلىق مۇراسىمى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر بويىچە تەختكە ئولتۇرغۇزدى. بىر شائىر چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئۇزۇن بىر قەسىدىسىدە ئەينى چاغدا خۇشاللىق ۋە تەنتەنىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، مەزكۇر قەسىدە مۇنداق باشلىنىدۇ:

ئەنجاندىن تۆرەم كەلدى، مانا ئەمدى ئوينايمىز،

ھاكىم بولسا ئۇ قەۋمگە، دىدارىغا قانمايمىز.

پادىشاھ بۈزرۈكخان ھەزرەتلىرىنىڭ «ياقۇپ بەگ» ئىسىملىك، ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، سادىق ھەم سىياسىيون بىر قوماندانى بار بولۇپ، مىرالاي يەنى «باتۇر بېشى» ئۇنۋانىغا ئىگە ئىدى. ياقۇپ بەگ رۇسىيەگە قارشى نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، پۈتۈن ھاياتى رۇسلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان شەھەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە قەۋمىنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ياشارتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش بىلەن ئۆتكەن كىشى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، مەلىك بۈزرۈكخان ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى، سىدىق بەگكە باش ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بەرگەن ئىدى.

ياقۇپ بەگ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئىزچىل جىھاد قىلىپ چىن قوشۇننى تارمار قىلدى. شىددەتلىك جەڭ قىلىپ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، مارالبېشى ۋە ئۇلاردىن باشقا چىنلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن شەھەرلەرنى تارتىۋالدى.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: سىدىق بەگ قايسى قەۋمدىن ئىدى؟

A. ئۇيغۇر ( )
B. قىرغىز ( )
C. تاجىك ( )
D. قازاق ( )

2. سوئال: ياقۇپ بەگنىڭ ئەسلىدىكى ئۇنۋانى نېمە ئىدى؟

A. ئەمىر ( )
B. باش ۋەزىر ( )
C. باتۇر بېشى ( )
D. پادىشاھ ( )

3. سوئال: بۇرروكخان تۆرەم قەشقەردە هاكىمىيەت تىكلىگەن يىلى قايسى؟

A. 1860 ( )
B. 1863 ( )
C. 1862 ( )
D. 1864 ( )

4. سوئال: چىنلىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان زۇلۇمىنى كىم سىدىق بەگكە خەۋەر قىلغان؟

A. سىپىلدىن ئۆزىنى ئېتىپ قاچقان كىشى ( )
B. ياقۇپ بەگ ( )
C. ئەمىر ئالىمقۇل ( )
D. سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ( )

5. سوئال: شەرقىي تۈركىستاندا قانچە يەردە هۆكۈمەت قۇرۇلغان ئىدى؟

A. 5 ( )
B. 4 ( )
C. 3 ( )
D. 6 ( )

# ياقۇپخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى




بۇزرۇكخان ياقۇپ بەگنىڭ كەم تېپىلىدىغان قەھرىمانلىقى ۋە ئالاھىدە تالانتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، دۆلەت رەئىسلىكىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ۋە بۇخارا خانى مۇزەپپەرىدىنخانمۇ ياقۇپ بەگكە «ئاتالىق غازى بەدۆلەت» ئۇنۋانى بەردى. مەلىك بۇزرۇكخان ياقۇپ بەگكە ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ياقۇپ بەگ «ئاتالىق غازى ياقۇپخان» دەپ ئاتالدى.

ياقۇپ بەگ مەنسەپكە ئولتۇرۇپلا، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىردى، ئۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئويغاتتى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ

كۈچىيىشى ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى كېڭەيتىشكە رىغبەتلەندۈردى، ياشلارنى جىھادقا تەييارلىدى. ئۇنىڭ ئىزچىل تەشۋىقى ۋە جىھادى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق ئەمىر ۋە ئاقساقاللىرى ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاندى. بۇ چاغدا بىر قىسىم تۇڭگان ۋە بۇتپەرەس چىنلىقلار تېخىچە ئۈرۈمچىنى بېسىپ يېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىمۇ ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئويى تۇغۇلدى - دە، ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئارقىمۇئارقا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلسا، ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئەسىر ئالاتتى. نىھايەت ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ، كورلا شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، كورلا ھاكىمى بۆگۈرگە قېچىپ كەتتى. كۇچار ھاكىمى ئىسھاق خوجىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئاقسۇنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھېكىمخان تۆرەم ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلدى. لېكىن، تۇڭگانلار ئۇلارغا پۇرسەت بەرمەي، كۇچارغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئىگىلىۋالدى. بۇ خەۋەر قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەلىك ياقۇپخانغا يەتكەندە، ياقۇپخان يولۋاستەك غەزەپلىنىپ، دەرھال قوزغالدى - دە، قوشۇن باشلاپ، سايرامدىكى چىن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. چىنلىقلار كۇچارغا قېچىپ كەتتى. ياقۇپخان ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ، كۇچاردىنمۇ قوغلاپ چىقىرىپ، كۇچارنى پەتھ قىلدى.

ياقۇپخان شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاۋېتىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ: «ئالىيلىرى! باللىرىمىز! يۈرەك پارىلىرىمىز!!!»

دەپ ھۆكۈرشىپ يىغلاشقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئېچىنىشلىق يىغا پەريادلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىستان زېمىنىدا پاشايدىغان بىرمۇ چىنلىق قالدۇرماسلىققا قەسەم ئىچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياقۇپخان تۇغقان بولسۇن، بۇتپەرەس بولسۇن، چىنلىق ھېچكىمنى قويماي، قوغلاپ سۈرۈشكە باشلىدى. نىھايەت ئۇلارنى قىستاپ، بۈگۈر شەھرىگە، ئاندىن كورلا شەھرىگە، ئاندىن قاراشەھەر، توقسۇن ھەتتا تۇرپانغىچە باردى.



THE GALLOWS

چىنلىقلار تۇرپاندا مۇستەھكەم بىر قەلئەگە كىرىپ پاناھلىنىۋالدى ۋە ئۇ يەردە ئالتە ئاي مۇھاسىرە ئىچىدە تۇردى. ئۇلار ياقۇپخانىنىڭ قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يوقاتماقچى بولۇشتى ۋە ياقۇپخان قوشۇنى بەخىرامان تۇرۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ياقۇپخان ھەزرەتلىرى ناھايىتى ئويغاق، زېرەك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭدە «چېكىنىپ تۇزاققا چۈشۈرۈش

تاكتىكىسى» بويىچە ئارقىسىغا قارىماي قاچتى. چىنلىقلار ئەمدى غەلىبە قىلدۇق دەپ ئولجىغا دۈم چۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ياقۇپخان قوشۇنىنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرى ياغدى. قوشۇن ئۇلارنى ھۇجۇم قىلىپ كەينىگە چېكىندۈردى. ياقۇپخان ئۇلارغا بۇ قېتىم سېپىل ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىش پۇرسىتى بەرمىدى. ئۇلارغا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىپ، قۇتۇلۇش يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەتتى ۋە ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. ياقۇپخان غالىپ قوشۇننى باشلاپ ھەر شەھەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ بازىلىرىغا ئىزچىل ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ ماڭدى. ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە 12 مىڭ چىنلىقنى ئۆلتۈردى، مىللىي قوشۇندىن پەقەت 800 كىشى شېھىت بولدى. نەتىجىدە ياقۇپخان غەلىبە قىلدى. تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر ـ ۋىلايەتلىرى، يېزا ـ قىشلاقلىرى ۋە تاغ ـ تۈزلىرىدا بىرمۇ ئەجنەبىي ئەسكەر قالمىدى. ياقۇپخان چىنلىقلار ئەسىر ئېلىۋالغان باللارنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ساق ـ سالامەت يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ھەممەيلەننى خاتىرجەم قىلدى.

تۈركىستان خەلقى ياقۇپخاننى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى، چۈنكى ئۇ قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئۆزلىرىنى خارلىقتىن ئەزىزلىككە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان، ئاسايىشلىقنى ئېرىشتۈرىدىغان نىجاتكار؛ ۋەتىنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداشتا ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، تارىختىكى ئار ـ نومۇسىنى ئىسسىق قېنى

بىلەن يۈيىدىغان، دۈشمەننى ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيدىغان ئاتامانىمىز، دەپ بىلەتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن جايلىرىدا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەندە، ياقۇپخان ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرى بىلەن تاشقى سىياسەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىيەدىكى ئوسمانىيلار خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۈركىيەگە ئەلچى ئەۋەتتى ۋە خىلاپەت دىيارى بولغان تۈركىيەدىن تۈركىستان قوشۇنىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن تۈرك ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. خەلىپە ئابدۇلئەزىزخان ئۈنىڭغا ھىندىستان يولى ئارقىلىق قورال - ياراغ ۋە بىرقانچە ئوفىتسېر ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولدى.



رۇسلار بىلەن چىنلىقلار تۈركىستاننى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋېلىش ھەققىدە بىر كېلىشىمنامە ئىمزالاشقان ئىدى. كېلىشىمنامىدە رۇسلار چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، چىنمۇ رۇسلارنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، پېتىربۇرگ (چاررۇسىيە پايتەختى) ياقۇپخان ھۆكۈمىتىنى بىرقانچە يىل ئېتىراپ قىلمىدى. تاكى ئۇلار تۈركىستاننىڭ راستتىنلا مۇستەقىل بولغانلىقىنى، ياقۇپخان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنتىزىم، كۈچلۈك بىر ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە قەشقەرگە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى ئەۋەتتى. قەشقەرمۇ ئۆز مىنىستىرى موللا تۇرابنى پېتىربورگقا ئەۋەتتى. بۇخارا ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بۇخارا خانى مۇزەپپەرىددىنخان ۋەلىئەھدىسى ئابدۇلمەلىكخاننى قەشقەرگە ئەۋەتتى. مىسىر خىدىۋىسى ئىسمائىل پاشامۇ ھىجرىيە 1289 ـ يىلى قەشقەرگە مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتتى. يۈسۈپ، شەركەس يۈسۈپ ۋە ئىسمائىل ھەققىبەگ قاتارلىق ئوفىتسېرلارنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا ھىندىستان يولى ئارقىلىق قەشقەرگە مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەرنى يولغا سالدى. شەرقىي تۈركىستان كونسۇل خادىمىمۇ خىدىۋىغا ئاتالغان ئېسىل سوۋغا ـ سالام ۋە ھەدىيەلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ مىسىرغا كەلدى. مەزكۇر بۇيۇملار ئىچىدە ساپ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن قۇرئان كەرىم ئەڭ قىممەتلىكى ئىدى. مەن ئۇنى مىسىر خانلىق كۇتۇپخانا مۇزېيىدا شانلىق تارىخىي سەنئەت ئەسەرلىرى ئارىسىدا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ چاغلاردا

ياقۇپخان جۇمە كۈنلىرى خەلىپە ئابدۇلئەزىزخاننىڭ نامىدا خۇتبە ئوقۇش ۋە تەڭگە پۇللارغا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئويۇش ھەققىدە يارلىق چىقارغان ئىدى.

ئىنگلىزلار ياقۇپخان ھۆكۈمىتىگە شەپقەت ۋە دوستلۇق كۆزى بىلەن قارايتتى، شۇڭا ئۇلار شەرقىي تۈركىستانغا تۈركىيەدىن ھىندىستان يولى ئارقىلىق قورال ـ ياراغ ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ يۆتكىلىشىگە رۇخسەت قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە دۆلەت ۋەكىلى لورد نورسىبرۇك سەككىز كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەكنى فورسىت ئەپەندىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە كونسۇلى ياقۇپخانغا ئۇنى قوللاش ھەققىدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر ماتېرىيالنى تەقدىم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھۆكۈمەت ئارىسىدا باراۋەرلىكنى ئاساس قىلغان تىجارىي توختامنامە ئىمزالاندى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى. ئافغانىستاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھى شىر ئەلىخان ئىدى.

ياقۇپخان ھۆكۈمىتى ھىجرىيە 1270 ـ يىلىدىن 1294 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1877 ـ يىلىغىچە) داۋاملاشتى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە خەلق خۇشال ـ خۇرام، پاراۋانلىق ئىچىدە ياشىدى. ئەمەلىيەتتە، كىشىگە ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقتىنمۇ شېرىن بەخت تۇيغۇسى بولامدۇ؟! قىسقىغىنا بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدە ئىلىم، ئەدەبىيات ۋە

ئىقتىسادىي ساھەلەردە ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ھەتتا قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ئىنگلىز ۋە رۇس كونسۇللىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا تېز تەرەققىياتىدىن ۋە ياقۇپخان ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇنتىزىم تەشكىللىنەلىگەنلىكىدىن ھەيران بولغان ئىدى.

ياقۇپخان پەقەت ھەربىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتقىلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولىمۇ يۈكسەك نىشان ۋە غايىلىرى بار ئىدى. ئۇ تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە يېزىلىرىغا مەدرىسە ۋە سارايلارنى سالدۇردى، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشلار ۋەيران قىلىۋەتكەن بىنا ۋە ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلدى، يېڭىدىن ھەشەمەتلىك بىنا ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇردى. ئايىغى چىقماس ئۇرۇشلار تۈپەيلى خارابىلىققا ياكى تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالغان جايلاردا يېڭىدىن بىنا ۋە ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ، شەھەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شەھەرلەر قارىغان كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ھالەتكە كەلدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھېيتگاھ جامەسى ئەنە شۇ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەردىن بىرى ئىدى. ياقۇپخان يەنە ئىشانلار تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاپاق خوجىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ھەشەمەتلىك بىر گۈمبەز ياساتتى، چوڭ بىر جامە سالدۇردى، شەھەردە بىر سېپىل، بىرقانچە مەسچىت، ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردە نۇرغۇن مەسچىتلەرنى سالدۇردى.

شۇ چاغدىكى دۇنيا سىياسىيونلىرى ياقۇپخاننىڭ قالتىسلىقىنى، سىياسىي جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ھەمدە

ۋەتىنىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان ئىدى. مىلادىيە 1870 ـ يىللىرى فېۋرال ئېيىدا ياقۇپخاننى زىيارەت قىلغان ئىنگلىز ساياھەتچىسى جىيۇ ئارد مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ياقۇپخان دەۋرىدە بىرقانچە ئەجنەبىي دۆلەت ئارىسىدا مۇھاسىرە ئىچىدە قالمىغان بولسا، ياقۇپخان چوقۇم ‹ئىككىنچى چىڭگىزخان› بولار ئىكەن.»

جىيۇ ئارد كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ياقۇپخان بىلەن ئۇچراشقان ئىنگلىز ساياھەتچىسى روبېرت شاۋ ياقۇپخاننىڭ ھەقىقەتەن تەدبىرلىك سىياسىيون ئىكەنلىكىگە قايىللىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئالاھىدە تەقدىرلىدى.

ياقۇپخان دەۋرىدە چىنلىقلار يېڭنەن ئۆلكىسىدە تۇتاشقان ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. چۈنكى، بۇ ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى چىن مۇسۇلمانلىرى بولۇپ، ئۇلار بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، تالىپۇ (دالى) شەھرىدىكى سۇلايمان (دۇ ۋېن شۇ) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىققان ئىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىن ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنى شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى قايتىدىن چىننىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. ئاندىن چىنلىقلار دىققىتىنى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتتى ۋە ئىككىنچى قېتىم تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ھىجرىيە 1293 ـ يىلى (مىلادىيە 1877 ـ يىلى) شەرقىي تۈركىستانغا

ناھايىتى زور بىر قوشۇن ئەۋەتتى. شۇ يىلى 17 ـ ماي، جەڭ كۆنلىرىنىڭ دەسلىپىدىلا ياقۇپخان تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەكىمخان ئۆزىنى «تۈركىستاننىڭ پادىشاھى» دەپ ئېلان قىلدى، ئاندىن پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ شاھزادىلىرى ئارىسىدا ياقۇپخاننىڭ ئىزباسارىنىڭ كىم بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدە چوڭ دەتالاش يۈز بەردى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئىچكى ئۇرۇشلار باشلاندى. چىنلىقلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ، شىددەتلىك ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق شىمالدىكى شەھەرلەرنى، ئاندىن جەنۇبتىكى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇلار ئۈرۈمچى شەھرىنى ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن ئىشغال قىلىۋالدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى جەڭ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى. شۇنداق قىلىپ، 1295 ـ يىلى قەشقەرنى قولغا ئېلىش ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان بولدى.

رۇسىيە غەربىي تۈركىستاننى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىشغال قىلغانغا ئوخشاش، چىنمۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالدى. ئاندىن 1881 ـ يىلى رۇسلار ئىتتىپاقدىشى بولغان چىنغا ئىلى ۋىلايىتىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى پۈتۈن رايونلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 1895 ـ يىلى رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى ۋە بۇ توقۇنۇشتا پامىر ۋىلايىتى رۇسىيەنىڭ ئۈلجىسىغا ئايلاندى. رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئارىسىدا پاسىللار بېكىتىلدى، ئافغانىستان رۇسىيە

بىلەن ئەنگلىيەنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل دۆلەت پېتى قالدى. شۇنداق قىلىپ، دۇنياغا پارلاق نۇر چاچقان ۋە ئىلىم ـ مەدەنىيەت تارقاتقان ئۇلۇغلۇق ۋە شانۇشەۋكەت مەشئىلى ئۆچتى.

بىز شۇنىڭغا چىن پۈتىمىزكى، تۈركىستانىنىڭ شانۇشەۋكىتى پات يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىلگىرىكىدىنمۇ ئەزىز ۋە پارلاق كەلگۈسى بولىدۇ، تۈركىستان ئاللاھ خالىسا ھەقىقەتنىڭ كاپالىتى ۋە ئادالەت بىلەن بۇ نومۇسنى يۇيۇپ تاشلايدۇ، تۈركىستان قايتىدىن قەددىنى رۇسلايدۇ، غەلىبە ـ نۇسرەت ۋە بەخت ـ سائادەت چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

**كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردىن توغرىسىنى تاللاڭ.

1. سوئال: ياقۇپخان قايسى زېمىندا تەختكە ئولتۇرغان؟

A. شەرقىي تۈركىستان ( )
B. ئوتتۇرا ئاسىيا ( )
C. ئافغانىستان ( )
D. تۈركىيە ( )

2. سوئال: ياقۇپخان قانداق ئۇنۋانغا ئىگە بولغان؟

A. سۇلتان ( )
B. خەلپە ( )
C. ئاتالىق غازى ( )
D. ئەمىر ( )

3. سوئال: ياقۇپخان كىملەرگە قارشى جەڭ قىلغان؟

A. ئەنگلىيەلىكلەر ( )
B. رۇسلار ( )
C. تۇڭگانلار ۋە بۇتپەرەس چىنلىقلار ( )
D. ئوسمانلىلار ( )

4. سوئال: ياقۇپخان قايسى دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان؟

A. تۈركىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، بۇخارا، مىسىر ۋە ئافغانىستان ()
B. فىرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئىران ( )
C. ھىندىستان، نېپال، سىنگاپور ۋە تايلاند ( )
D. ئامېرىكا، كانادا، بىرازىلىيە ۋە ئارگېنتىنا ( )

5. سوئال: ياقۇپخان ھۆكۈمىتى قانچە يىل مەۋجۇت بولغان؟

( ) 1867 ـ 1853 .A
( ) 1877 ـ 1863 .B
( ) 1887 ـ 1873 .C
( ) 1897 ـ 1883 .D